# ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى

## 2



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-10849-7

9 787228 108497 >

定价:4.50元



# ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى

2

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى تەشكىل تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007 -يىلى





**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间寓言.2：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
ISBN 978-7-228-10849-7

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 寓言 - 作品集- 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006262号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

**维吾尔民间寓言－2**（维吾尔文）
《维吾尔民间文学大典》编委会编

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.625印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

---

ISBN 978-7-228-10849-7　　定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

**ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى — 2**

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى № 348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.625
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 5000
ISBN 978-7-228-10849-7
باھاسى: 4.50 يۈەن

# مۇندەرىجە


تۈلكە بىلەن ئېشەك ........................ 1
تەمەخور مۈشۈك ........................ 3
تۆگە بىلەن ئېشەك ........................ 6
قاغا بىلەن تۈلكە ........................ 10
قۇشنىڭ ئارزۇسى ........................ 12
شەرتلىك دوستلار ........................ 14
شەپەرەڭ بىلەن ئۆكۈز ........................ 16
بۆلۈنگەننى بۆرە يەر ........................ 18
تۈلكە بىلەن تۇرنىنىڭ مېهماندارچىلىقى ........................ 22
چۈمۈلە بىلەن كىرپە ........................ 25
ئۆزۈڭگە ئىشەنچ قىلالىساڭ ........................ 27
تۈلكە بىلەن چۈجە ........................ 30
توشقان ئوۋلاش ........................ 31
تۈلكە بىلەن يولۋاس ........................ 33
پىل بىلەن خوراز ........................ 35
توشقان بىلەن ئۆردەك ........................ 37
تۈلكىنىڭ ئەتىسى ........................ 38
ئات بىلەن يولۋاس ........................ 40
كىرپە بىلەن توشقان ........................ 42
ئۈچ تۈلكە ........................ 43

تۈلكىنىڭ تاپقان دورىسى ........................ 46
تەمەخور بۆرە ........................ 48
ئۆكۈز بىلەن پاقا ........................ 49
بۆرە بىلەن ئۆچكە ........................ 50
تۈلكە بىلەن تۇرنا ........................ 53
ھورۇن ئېشەك ........................ 55
ئاچ بۆرە ........................ 56
ھورۇن ئىت ........................ 58
شورپا قىلامدۇق، كاۋاپمۇ ........................ 59
تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى ........................ 60
تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىنى جازالىشى ........................ 61
خام خىيال ........................ 63
قايسى ئۆينىڭ ئىگىسى رەھىمدىل ........................ 64
تەقدىرگە تەن بەرگىن ........................ 66
تىلىمغا باغلىنىسىلا ........................ 68
مەغرۇر پىل ........................ 70
مۈشۈك بىلەن تۇمۇچۇق ........................ 75
ھايۋانلارنىڭ دەتالاشلىرى ........................ 77
توخۇ، سۆسەر ھەم چاشقان ........................ 78

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# تۈلكە بىلەن ئېشەك

بىر تۈلكە يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ھەرقانچە قىلىپمۇ چىقالماپتۇ، قانداق قىلىشنى بىلمەي ئولتۇرغاندا، بىر ئېشەك سۇ ئىز-دەپ يۈرۈپ ھېلىقى ئازگالنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئازگالدىكى تۈلكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

— ھەي تۈلكىۋاي، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي نېمىسىنى سورايسەن، — دەپتۇ تۈلكە، — بۇ كەڭ دالىدا ئۇسسۇزلۇق ۋە ئىسسىقتىن ئۆلەي دەپ قالدىم. بۇ يەر بەك سالقىن ئىكەن ھەم سۈپسۈزۈك سۇ بار ئىكەن، راھەتلىنىپ دەم ئېلىۋاتىمەن.

بۇنى ئاڭلىغان ئېشەك، مەنمۇ سۇ ئىچىپ سالقىنداپ راھەتلىنەيچۇ، دەپ ئويلاپ ئازگالغا چۈشۈپتۇ. ئاران تۇرغان تۈلكە شۇ ھامان بىر سەكرەپ ئېشەكنىڭ ئۈستىگە مىنىپتۇ - دە، يەنە بىر سەكرەپ ئازگالدىن كەڭ دالىغا

چىقىپ كېتىپ قاپتۇ. ئېشەك ئازگالنىڭ ئىچىدىن چىقال-
ماي قاپتۇ.

«يالغانچىغا ئىشەنسەڭ، بېشىڭغا بالا تاپىسەن» دېگەن
ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن.



# تەمەخور مۈشۈك

بىر كەمبەغەل تۇل خوتۇننىڭ بىر مۈشۈكى بار ئى-
كەن. بۇ خوتۇن كەمبەغەل بولغانلىقتىن مۈشۈكنى ھەر
خىل تائاملار بىلەن باقالمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئاچ قويماي،
كۈندە بىرنەچچە قېتىم نان چايناپ بېرىدىكەن. لېكىن، بۇ
مۈشۈك ناھايىتى تەمەخور بولۇپ، ئۆز ئىگىسىنىڭ بەرگىنىگە
زادىلا قانائەت قىلمايدىكەن، بىرەر نەرسە بېرەرمىكىن، دې-
گەن تەمە بىلەن كەچكىچە تالاغا چىقىپ، ئۆتكەن - كەچ-
كەنلەرنىڭ قولىغا قاراپ ياتىدىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ يې-
نىغا بويىنىدا مەرۋايىت، مارجانلار بار، تۈكلىرى يالتىراپ
كەتكەن سېمىز بىر مۈشۈك كەپتۇ - دە:

— بۇ يەردە يېتىپسەنغۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەئە، ئاپتاپسىنىپ ياتىمەن، — دەپتۇ تەمەخور
مۈشۈك.

— سەن كىمنىڭ مۈشۈكى؟

— مۈشۈ ئۆيدىكى تۇل خوتۇننىڭ مۈشۈكىمەن، —
دەپتۇ ئۇ سېمىز مۈشۈككە تەلمۈرۈپ ۋە سوراپتۇ، —

سىزمۇ مۇشۇك، مەنمۇ مۇشۇك، لېكىن سىز بەك سېمىز، چىرايلىق ئىكەنسىز، مەن بەك ئورۇق. ئۆزىڭىز كىمنىڭ مۇشۇكى بولىسىز؟

— مەن پادىشاھنىڭ مۇشۇكى.

— شۇڭا، سېمىز، چىرايلىق ئىكەنسىز، — دەپ ئالاھەدە سالام بېرىپ، ئۆز دەردىنى ئېيتىشقا باشلاپتۇ ئۇ، — ماڭىمۇ ئانچە - مۇنچە غەمخورلۇق قىلىپ قويسىڭىز، قانداق؟ مەن بىتەلەي كۇنگە بىرنەچچە چاينام نان يەيمەن، يېرىم ئاچ، يېرىم توق، قورسىقىم تويۇپ باققىنىنى بىلمەيمەن.

— بولىدۇ، مېنىڭ يېنىمغا بارغىن. گۆش - پۆش دېگەن ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدۇ. باشقا مۇشۇكلەرمۇ مەندىن ئاشقان - تاشقاننى يەپ تويۇپ چىقىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ پادىشاھنىڭ مۇشۇكى.

تەمەخور مۇشۇك خۇشاللىقىدىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، چوقۇم بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ، كېچىچە ھەر خىل تائاملارنى ئويلاپ ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. تاڭ ئېتىش بىلەنلا ئۇ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ، ئوردىغا كىرىپ ئۇياق - بۇياققا كۆز يۈگۈرتۈپتۇ، بىراق پادىشاھنىڭ مۇشۇكىنى تاپالماپتۇ، ئاخىر پادىشاھ تۇرىدىغان ئۆيگە كىرسە، پادىشاھ ئۇخلاۋېتىپتۇ.

ئۇ پادىشاھنىڭ كارىۋىتى يېنىدىكى بىر قەپەسنىڭ ئىچىدە تۇرغان شاتۇتىنى كۆرۈپتۇ - دە، قۇرۇق كەتمەي،

شاتۇتىنى بولسىمۇ يەپ كېتەي، دەپ ئويلاپ، قەپەسكە ئېر-
تىلىپتۇ. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن شاتۇتى چىرقىراپ كې-
تىپتۇ. پادىشاھ ئويغىنىپ قارىسا، بىر ئوغرى مۈشۈك شا-
تۇتىنى يېمەكچى بولۇۋاتقانىكەن، ئۇ دەرھال ئوقيانى ئېلىپ
مۈشۈكنى ئېتىپتۇ. مۈشۈك يېرىم جان ھالدا ئوقيانى
سۆرەپ ئۆز ئۆيىگە قېچىپ كەپتۇ.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ تۇل خوتۇن.

گۇناھكار مۈشۈك لام - جىم دېيەلمەپتۇ.

ئەھۋالنى چۈشەنگەن تۇل خوتۇن ئېچىنغان ھالدا مۇنداق دەپتۇ:

— بىلىپ قوي، «تەمەنىڭ كەينى كامار» بولىدۇ. يا چاشقان تۇتۇپ يېمەي، يا مەن بەرگەنگە شۈكۈر قىلماي، بالاخور نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ، جاجاڭنى يەپسەن!



# تۆگە بىلەن ئېشەك

بىر ئېشەك بىلەن تۆگە ھېرىپ ئۆلەر ھالغا كېلىپ قالغاندىن كېيىن، كارۋان، مەن سەپەردىن يانغۇچە ئوتلاپ يۇرۇپ سەمرىپ قالار، قايتاردا ئەكېتەرمەن، دېگەن ئوي بىلەن تاغ باغرىدىكى بىر يايلاققا تاشلاپ كېتىپتۇ. ئېشەك بىلەن تۆگە يېرىم كۇنگىچە ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپتۇ، ئەمما ھەر خىل ئوت ـ چۆپلەرنىڭ پۇرىقى، تاغنىڭ ساپ ھاۋاسى ئۇلارغا كۇچ ـ قۇۋۋەت بەرگۇچى شىپالىق دورا بوپتۇ. ئۇلار ئاستا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، يېڭى چىققان ئوتلارنىڭ ئۇچىدىن يەپ، سۇزۇك سۇ ئىچىپ خېلى ماغ-دۇرىغا كېلىپ قاپتۇ، بۇ كەڭرى يايلاقتا يايلاپ يۇرۇپ ئۇزۇنغا بارمايلا سەمرىپ كېتىپتۇ.

كۇنلەردىن بىر كۇنى ئوزۇق ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغان بىر تۇلكە ئۇلارنى كۆرۇپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ، بىراق يالغۇز ئۆزىنىڭ كۇچى يەتمەيدىغانلىقىنى سېزىپ، دەرھال بۆرىگە خەۋەر قىلماقچى بولۇپ مېڭىپتۇ.

— ئۇلارغا نېمە گۇناھ قويساق بولار؟ گەپ - سۆز يوقلا يېيىش قىيىن، — دەپتۇ بۆرە تۈلكىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ تۈلكە، — بۇ يايلاق مېنىڭكى، بۇ يەردە يايلاشقا سىلەرگە كىم ئىجازەت بەردى؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنى يەيمەن، دېگىن. مەن ساڭا گۇۋاھچى بولىمەن، قانداق؟

— بولىدۇ، — دەپتۇ بۆرە ۋە تۈلكىنى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىپتۇ.

ئېشەك بىلەن تۆگە يىراقتىنلا بۆرە بىلەن تۈلكىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ماغدۇرغىمۇ كېلىپ قالدۇق،





كۆچىمىزمۇ بار، ئۆلسەكمۇ ئېلىشىپ ئۆلەيلى» دەپ مەسلىھەتلىشىۋاپتۇ.

— ھەي دارازا، سالپاڭ قۇلاق ! — دەپ ۋارقىراپتۇ بۆرە كېلىپلا، — ئىككىڭ كىمنىڭ رۇخستى بىلەن بۇ يەردە ئوتلاپ يۈرۈشىسەن؟ !

— نېمە كارىڭ بار؟ — دەپتۇ تۆگىمۇ بوش كەلمەي.

— ھەي ئۇزۇن ئەخمەق، نېمىشقا كارىم بولمايتتى ! بىلەمسەن، بۇ يايلاق مېنىڭ؟ — دەپتۇ بۆرە.

— قايسى يايلاق سېنىڭ؟ — دەپتۇ تۆگە.

— سەن ئوتلاۋاتقان مۇشۇ يايلاق !

— راست، بۇ يايلاق بۆرە غوجامنىڭ، بۇنىڭغا مەن گۇۋاھ، — دەپتۇ تۇلكە ئالدىراپ.

— ئۇنداق بولسا، بىز بۇ يەرنىڭ ئوتىنى يېمىدۇق ! — دەپتۇ تۆگە.

شۇ ئەسنادا تۇلكە كېلىپ بۆرىنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. بۆرە بۇلارغا يېقىنلىشىپ:

— بۇ يەرنىڭ ئوتىنى يېگەن - يېمىگەنلىكىڭنى ئاسانلا بىلىمەن ! — دەپتۇ.

— قانداق بىلىسەن؟ — دەپتۇ تۆگە.

— تىلىڭنى چىقار، يۇراپ باقىمەن !

تۆگە بىلەن ئېشەك، بۇلارنىڭ كۆچى يەتمەي، ئالدى بىلەن تىلىنى ئۇزۇۋېتىپ، ئوت يېمەيدىغان قىلىپ قويماقچى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلتۈرۈپ يېمەكچى بولۇۋاتقان

ھېلىسىنى پەملەپتۇ. تۆگە ئېشەككە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ:

— ماقۇل، پۇراپ باق، — دەپتۇ تىلىنى چىقىرىپ.

بۆرە تۆگىگە يېقىن كېلىشىگە تۆگە كۆكرىكى بىلەن بىر ئۇرغانىكەن، بۆرە كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، تىك موللاق چۈشۈپتۇ. ئاڭغىچە ئېشەك كېلىپ بۆرىنىڭ بىقىنلىرىغا بىرنەچچىنى تېپىپتۇ. بۆرە بۇ ئۇشتۇمتۇت زەربىدىن تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن تۈلكە ئالاقزادە بولۇپ بەدەر قېچىپتۇ. ئېشەك تۈلكىنىڭ كەينىدىن ھاڭراپ مۇنداق دەپتۇ:

«يەر ئىگىسى»نى كۆرۈڭ ئۆلۈپ ياتقىنىنى،
«گۇۋاھچىسى»نى كۆرۈڭ قورقۇپ قاچقىنىنى.
بۇ كۆرگىنىڭدىن ساۋاق ئالمىساڭ،
باشلاپ كەل بۆرىنىڭ يەنە باشقىسىنى!

# قاغا بىلەن تۈلكە

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر قاغا بىر پارچە گۆشنى ئوغ-رىلاپ كېلىپ دەرەخكە قونۇپتۇ - دە، ئەمدىلا يەي دەپ تۇرۇشىغا، ئېچىرقاپ كەتكەن بىر تۈلكە كېلىپ قاغىدىن بۇ گۆشنى تارتىۋېلىش كويىغا چۈشۈپتۇ. قانداق قى-لىش كېرەك؟ ھېيلىگەر تۈلكە بىردىنلا قاغىنى ماختاشقا باشلاپتۇ:

— ھەي، قاغا دوستۇم، سەن نېمىدېگەن چىرايلىق! قارىغىنا، پەيلىرىڭ تۇم قارا، يەنە تېخى تېگى - تېگىدىن يالتىراپ تۇرىدۇ. غازنىڭ مامۇقلىرى دېگەن نېمە ئۇ! سې-نىڭ پەيلىرىڭ ئۇنىڭدىنمۇ يۇمشاق. كۆزلىرىڭچۇ! ھېچ-كىمدە سېنىڭكىدەك ئۆتكۈر، كېلىشكەن كۆز يوق! تىر-ناقلىرىڭ بۈركۈتنىڭكىدىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ. ئۇچار قۇشلار ئىچىدە گۈزەل دېسە، مانا سېنى دېسە بولىدۇ!

قاغا تۈلكىنىڭ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشلىرى-نى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېرىسىگە پاتماي كېتىپتۇ، تۈلكە تېخى مېنىڭ سايرىغىنىمنى ئاڭلاپ باقسا، قانچە ماختاپ

كېتەر ئىدى؟ توختا،
مەن ئۇنىڭغا بىر
سايراپ بېرەيچۇ! دەپ
ئويلاپتۇ ـ دە،
«قاق» قىلىشىغىلا
ئاغزىدىكى گۆش
«پوككىدە» يەرگە
چۈشۈپتۇ. تۈلكە
دەرھال گۆشنى ئې-
لىپ بىرلا يالماپ
يۇتۇۋەتكەندىن
كېيىن:
— دۇنيادا سې-
نىڭدەك سەت، سې-
نىڭدەك شۇم نەرسە
يوق، يالغاندىن
ماختاپ قويسام،
ئۆزۈڭچە مەست بو-
لۇپ كەتتىڭ، —
دەپ قويۇپ يولىغا
راۋان بوپتۇ.



# قۇشنىڭ ئارزۇسى

ئىنتايىن گۈزەل ۋە ئەقىللىق بىر قۇش بولغانىكەن. ئۇ يېقىملىق سايراپ، ئادەمگە ئوخشاش سۆزلىيەلەيدىكەن. بۇ قۇشنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىر پادىشاھ نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ ئۇنى تۇتقۇزۇپتۇ ۋە رەڭمۇرەڭ پۆپۈك، مونـ
چاقلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئالتۇن قەپەسكە سولاپ ئوردىـ
سىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ قۇشنى بەكمۇ ئەتىۋارلايدىـ
كەن، ئۆز قولى بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدىكەن.

ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتۈپتۇ، لېكىن قۇش بىر قېتىممۇ ئېچىلىپ سايرىماپتۇ. ئۇ دائىم غەمكىن ھالەتتە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرىدىكەن. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ بىر كۈنى قول ئاستىدىكى ۋەزىر ـ ئۆلىمالىرىنى يىغىپ:

— ئېيتىڭلارچۇ، بۇ قۇش بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزدا نېمە ئۈچۈن سايرىمايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى:

— بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ كۆرەيلى، — دەپتۇ.

ئۇلار قۇشتىن نېمە ئۈچۈن سايرىمايدىغانلىقىنى

سورىغانىكەن.

— قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويساڭلار، دەرەخ ئۈستىگە قونۇپ سايراپ بېرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قۇش.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ، قۇش قەپەستىن چىقىپتۇ-دە، مەجنۇنتالنىڭ زىلۋا شېخىغا قونۇپ:

ئالتۇن قونداق قەپەستىن
لىڭ-لىڭ قومۇشۇم ياخشى.
بۇندا ھەسەل يېگەندىن
ئەركىن تۇرمۇشۇم ياخشى.

دەپ بىر قېتىم سايراپلا، پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.



# شەرتلىك دوستلار

بىر ئورمانلىقتا شىر، يىلپىز، بۆرە ۋە يىلان ئۈچ-ىرشىپ قىلىپ دوست بولۇشۇپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر خىل ماجىرا چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر - بىرىگە شەرت قويۇشۇپتۇ.

— بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ قېشىمدا بىرەرىڭلار توپا - چاڭ چىقىرىۋەتسەڭلار، كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنى بوش قويمايمەن! — دەپتۇ شىر.

يىلپىز:

— مەن ئۇزۇقلۇق يەۋاتقاندا كىمكى تىكىلىپ قارىسا، ئۇنى بوش قويمايمەن، — دەپتۇ.

بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ:

— قايسىڭلار ماڭا ئاززاقلا تېگىپ كەتسەڭلار، كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇنى بوش قويمايمەن! — دەپتۇ.

ئاخىردا يىلانمۇ سۆز ئېلىپ:

— مەن سىلەردىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايمەن،

بىراق سىلەر مېنىڭ قۇيرۇقۇمغا دەسسىۋالماڭلار ! ــ
دەپتۇ.

ھەممەيلەن بىر ـ بىرىنىڭ شەرتىگە قوشۇلۇپتۇ. بىر
كۈنى يىلپىز بىر بۆكەن بالىسىنى تۇتۇپ يەۋېتىپ، بىر-
دىنلا بۆرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆ-
رۈپ، غەزەپ بىلەن بۆرىگە قاراپ ئېتىلىپتۇ. بۇ چاغدا
شىر يەيدىغىنىنى يەپ بولۇپ ئارام ئېلىپ ياتقانىكەن، ئۇ
توپا ـ چاڭنى كۆرۈپ بۆرە بىلەن يىلپىزغا ئېتىلىپتۇ ـ
دە، ئۇلارنى بىر دەمدىلا جىمىقتۇرۇۋېتىپ، قايتىپ كېلىۋې-
تىپ يىلاننىڭ قۇيرۇقىغا دەسسىۋاپتۇ. يىلان غەزەپ بىلەن
كۇشۇلداپ بىرىپ شىرنى چېقىشقا باشلاپتۇ. ئاغرىققا چى-
دىمىغان شىر يىقىلىپتۇ. شۇ ئەسنادا شىرنىڭ ئېغىر تىنى
يىلاننىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ يىلاننى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.



# شەپەرەڭ بىلەن ئۆكۈز

شەپەرەڭ ئەمدىلا ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ ئارام ئې-
لىۋاتقان ئۆكۈزنىڭ يېنىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئۆكۈز
ئۇخلىيالماي، ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قاراپتۇ-دە، شە-
پەرەڭنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۆكۈز شەپەرەڭنىڭ كېچىدە ئۆزىمۇ
ئارام ئالماي، باشقىلارنىمۇ ئارام بەرمەي ئۇچۇپ يۈرگەنلى-
كىدىن خاپا بولۇپ:

— هەي، نېمانچە ئويۇنغا تويمايدىغان نېمە سەن؟ كې-
چە ھەممىنىڭ ئارام ئالىدىغان ۋاقتى، مەن كەچ كىرگۈچە
ئىشلەپ يېڭىلا كەلدىم، مېنى ئارام ئالغىلى قويامسەن،
يوق؟ — دەپتۇ.

— جېنىم دوستۇم، قورسىقىم ئاچ، ئۇچمىسام قور-
ساق تويمايدۇ، بالىلىرىمغا ئوزۇق تېپىلمايدۇ. ساڭا ئوخ-
شاش مېنىڭ ئالدىمغا يەم-بوغۇز تۆكۈپ، ئوت-چۆپ
سېلىپ قويىدىغانلار يوق.

شەپەرەڭنىڭ سۆزى ياۋاش-يۇمشاق ئۆكۈزنى تېرىك-
تۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۆكۈز:

— كىچىككىنە قورسىقىڭنىڭ غېمىنى كۆندۈزى قىلساڭ بولمامدۇ؟ تىرىكچىلىك كۆندۈزى بولىدۇ. ئوزۇقۇڭ بولمىسا، مۇنۇ يەمدىن ئېلىپ، قورسىقىڭنى تويغۇز، — دەپ شەپەرەڭگە يەم تەڭلەپتۇ.

شەپەرەڭ ئۆزىنىڭ ئۆكۈزگە ئارامچىلىق بەرمىگەنلىكىنى بىلىپ:

— مەن ئادەم ۋە ھايۋانلارنى چېقىپ، قېنىنى شوراپ ئارام بەرمەيدىغان چىۋىن، پاشىلارنى قىرىمەن. بۇلار ماڭا ئوزۇق بولىدۇ، يەم - بوغۇز كېرەك ئەمەس، ساڭا رەھمەت، — دەپتۇ.

شەپەرەڭنىڭ «چىۋىن، پاشىلارنى قىرىمەن» دېگىنى چىۋىن، پاشا دەستىدىن قۇيرۇقىنى بىردەممۇ تىنىچ تۇرغۇزالمايدىغان، ھەتتا بويۇنلىرىنى تاملارغا سۈركەپ كېتىدىغان ئۆكۈزگە يېقىپ كېتىپتۇ - دە، شەپەرەڭگە مۇنداق دەپتۇ:

— دوستۇم، مەن بىلمەپتىمەن، مېنى كەچۈرگىن. مەن ئادەملەر ئۈچۈن ئىشلەيمەن، سەن ئادەملەر ۋە بىز ئۈچۈن چىۋىن، پاشىلارنى قىرىدىكەنسەن. ئەمدى ئىككىمىز بىللە ياشايلى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆكۈز بىلەن شەپەرەڭ بىر قورۇدا بىللە ياشاپتۇ.

# بۆلۈنگەننى بۆرە يەر

بۇرۇنقى زاماندا بىر مالچى، بىر قاسساپ، بىر ئاش-
پەز، بىر ناۋاي بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىردىن ئىتى بار ئى-
كەن. بىر كۈنى بۇ تۆت ئىت يولدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ -
دە، ئۇلار ئايرىلماسلىققا دوست بولۇشۇپتۇ ۋە: «ناۋادا بۆ-
رىگە يولۇقۇپ قالساق، ھەممىمىز بىرلىكتە تاقابىل تۇراي-
لى» دېيىشىپتۇ. ئۇلار جاڭگاللىقنىڭ ئىچىگە قاراپ مې-
ڭىپتۇ، جاڭگاللىقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە بىر بۆرە
پەيدا بوپتۇ - دە، ئۇلارغا خىرىس قىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارى-
سىدىن بىرى:

— ئاغىنىلەر، پەخەس بولۇڭلار، ئايرىلمايلى، بۆرىگە
يەم بولمايلى دېسەك، ۋەدىمىزگە ئەمەل قىلايلى، — دېگە-
نىكەن، ئىتلار تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ بۆرىنى قورشىۋاپتۇ.
ئوتتۇرىغا قاپسىلىپ قالغان بۆرە دەرھال بىر پىلان ئويلاپ-
تۇ - دە، قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن قىياپەتكە
كىرىۋېلىپ:

— سىلەر مېنى نېمە قىلىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەن، — دەپ سۆز باشلاپتۇ بىرىنچى بولۇپ قويـ-
چىنىڭ ئىتى، — دائىم مەن باقىان قويلارغا ھۇجۇم قىـ-
لىپ، قويلارنى خۇددى ۋابادەك قىرىپ تاشلايسەن. بۇگۈن
مەن سەندىن ئاشۇ قويلارنىڭ خۇنىنى تۆلىتىمەن، — دەپتۇ.
باشقا ئۈچ ئىتمۇ بۆرىنىڭ ئۆزلىرىگە يەتكۈزگەن زىيان -
زەخمەتلىرى ئۈستىدە شىكايەت قىلىپ:
— سىنىڭ زۇلمىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سىنى يو-
قىتىمىز، — دەپتۇ.
بۆرە گۇناھىنى بويىنىغا ئالغاندەك بولۇپ بېشىنى يەر-
دىن كۆتۈرمەي تۇرۇپ:
— توغرا، مەن سىلەرگە كۆپ زىيان سالدىم، سىلەر
مېنى يېيىشكە ھوقۇقلۇق. لېكىن، مېنىڭ سىلەرگە دەيدى-
غان سۆزۈم بار. سۆزۈمنى سىلەرگە ئايرىم - ئايرىم دەي-
مەن. ئالدى بىلەن ناۋاينىڭ ئىتى چەتكە چىقىپ تۇرسۇن،
قالغان ئۈچۈڭلارغا ئېيتاي، — دەپتۇ.
ناۋاينىڭ ئىتى چەتكە چىقىپ تۇرۇپتۇ. بۆرە بۇ ئۈچ
ئىتقا مۇلايىملىق بىلەن سۆز باشلاپتۇ:
— مەن قويچىنىڭ قويىنى يېدىم، قاسساپنىڭ قېنىنى
يالىدىم، ئاشپەزنىڭ يۇندىسىنى ئىچتىم، لېكىن ناۋاينىڭ
نېمىسىگە زىيان سالغاندىمەن؟ ئۇنىڭ ئىتىنىڭ مېنى يې-
يىشكە نېمە ھوقۇقى بار؟ سىلەر ئۈچۈڭلار مېنى يېيىشكە
ھەقلىق، شۇڭا ناۋاينىڭ ئىتىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتسەڭلار، مې-
نىڭ گۆشۈمگە ئوبدان تويىسىلەر، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىـ-

غاچ ئۇچ ئىت بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، بۆرىنىڭ سۆزىنىڭ
توغرا ئىكەنلىكىنى ئەستىقلىشىپتۇ ـ دە، ناۋاينىڭ ئىتىـ
نى تالاپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن بۆرە:
— ئەمدى ئاشپەزنىڭ ئىتى چەتكە چىقىپ تۇرسۇن، —
دەپتۇ. ئاشپەزنىڭ ئىتى چەتكە چىقىپ تۇرۇپتۇ. بۆرە قالـ
غان ئىككى ئىتقا:
— سىلەر ئىككىڭلار قوي باقىسىلەر، مېنىڭ زېيىنىم
ھەممىدىن بەك سىلەرگە يەتتى. سىلەر مېنى يېيىشكە
ھەقلىق. ئاشپەزنىڭ يۇندىسىنى ئىچىپ قويغانغا نېمە بوپـ
تۇ؟ ئۇنىڭ مېنى يېيىشكە نېمە ھەققى؟ سىلەر ئۇنى ئۇـ
جۇقتۇرۇۋېتىپ مېنى يېسەڭلار ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.
شۇ گەپ بىلەن بۇ ئىككى ئىت ئاشپەزنىڭ ئىتىنىمۇ يوق
قىلىۋېتىپتۇ. بۆرە يەنە:
— ئەمدى قاسساپنىڭ ئىتى چەتكە چىقىپ تۇرسۇن،
ساڭا گېپىم بار، — دەپتۇ قويچىنىڭ ئىتىغا. ئۇ قويچىـ
نىڭ ئىتىنى يېنىغا تارتىپ:
— ھەي ئاغىنە، ھەق گەپنى قىلسام، مەن ھەمىشە
سېنىڭ قويلىرىڭنى يېدىم. قاسساپنىڭ ئانچە ـ مۇنچە قىـ
نىنى يالاپ قويدۇم. ئۇنىڭ مېنى يېيىشكە نېمە ھەققى
بار؟ سەن ئۇنى يوقىتىپ مېنى ئۆزۈڭ يالغۇز يېسەڭ ياخـ
شى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.
— مەن ئۆزۈم يالغۇز ئۇنى قانداق يوقىتىمەن؟ —
دەپتۇ قويچىنىڭ ئىتى.

— مەن ساڭا ياردەملىشەي، — دەپتۇ بۆرە. ئۇلار ئىككىسى بىرلىشىپ قاسساپنىڭ ئىتىنى ئۇ دۇنياغا ئۇزدىتىپتۇ. ئاندىن بۆرە يالغۇز قالغان قويچىنىڭ ئىتىغا:

— هەي ئەخمەق، ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى. مېنى يېيىشكە نىمە هەققىڭ بار؟ — دەپ قويچىنىڭ ئىتىنى يەۋېتىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.



## تۈلكە بىلەن تۇرنىنىڭ مېھماندارچىلىقى

تۈلكە بىلەن تۇرنا دوست بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۈلكە ئۆز دوستى تۇرنىنى ئۆيىگە ئالاھىدە مېھمانغا چاقىرىپتۇ. قۇۋ تۈلكە تۇرنىنىڭ تاماقنى كۆپ يەپ كېتىشىدىن قورقۇپ، سۇيۇق ئۇماچ ئېتىپتۇ ۋە ئۇنى ناھايىتى تېيىز لېگەنگە ئۇسۇپ، تۇرنىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ـ دە:

— قېنى، دوستۇم، مەرھەمەت قىلىپ تاماققا باققىن، ھەرگىز تارتىنما، بۇ تاماقنى سېنى ئوبدان يەيدۇ دەپ ئەت-



تىم، — دەپتۇ.

تۇرنا بىر - ئىككى قېتىم تەخسىگە تۇمشۇقىنى تەگكۈزۈپ بېقىپتۇ، بىراق، تاماق بەك سۇيۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەخسە بەك تېيىز بولغاچقا، ئاغزىغا ھېچنېمە چىقماپتۇ. ئىلاجسىز قالغان تۇرنا ئاغزىنى تامشىپ قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. تۈلكە يەنە چاندۇرماي:

— دوستۇم، سىنىڭ ئىشتىھايىڭ بەك ناچار ئىكەن، نىمىشقا مەندەك چوڭ - چوڭ ئالمايسەن؟ — دەپ قويۇپ، ئۆزى تەخسىنى يالاپ بىردەمدىلا پاك - پاكىز قىلىپ قويۇپتۇ.

تۇرنا ھېچنېمە يېيەلمەي ئاچ قورساق ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى تۇرنا تۈلكىنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ. تۈلكىنىڭ ئۇنى قانداق مېھمان قىلغانلىقى ئېسىدە بولغاچقا، ئۇمۇ تۈلكىنى ئۆز لايىقىدا مېھمان قىلماقچى بوپتۇ - دە، ناھايىتى تەملىك، ئېسىل تاماقنى ئېتىپ، ئاغزى كىچىك ھەم ئېگىز بىر كومزەككە ئۇسۇپ، تۈلكىنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ ۋە تۈلكىگە قاراپ:

— تۈلكە دوستۇم، قېنى، قورۇنماي كەڭ - كۇشادە ئولتۇرۇپ تاماققا باقىسىن، — دەپتۇ.

مەززىلىك تاماقنىڭ پۇرىقىدىن ئاغزى سېرىقسۇ بىلەن تولغان تۈلكە كومزەككە يېقىن كېلىپ تۇمشۇقىنى تىقىپتۇ، بىراق كومزەكنىڭ ئاغزى بەك كىچىك بولغاچقا، تۇم-

شۇقى پاتماپتۇ. تۇرنىنىڭ بوينى بەك ئۇزۇن، بېشى كىچىك بولغاچقا، كومزەككە ئەپچىللىك بىلەن بېشىنى تىقىپ، تاماقنى راسا ھۇزۇر قىلىپ يەپتۇ. تۈلكە بولسا ئازراقمۇ نەرسە يېيەلمەي تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

— تۈلكە دوستۇم، بۈگۈن تاماق يېمەيسەنغۇ، ئىشتىھايىڭ تۇتۇلۇپ قالدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تۇرنا.

— ئېلىۋاتىمەن، تامىقىڭ خېلى ئوخشاپتۇ، — دەپتۇ خىجىل بولغان تۈلكە يالغاندىن تىلىنى يالاپ ئولتۇرۇپ.

شۇ كۈندىن باشلاپ: «ساڭا بىقىپ مەن، ئىشىككە بىقىپ دەم» دېگەن ماقال پەيدا بولغانىكەن.





# چۈمۈلە بىلەن كىرپە

بۇرۇن بىر تاغلىقتا بىر توپ چۈمۈلە بىلەن بىر كىرپە ياشايدىكەن. چۈمۈلىلەر قىشۇ ياز دەم ئالماي ئىشلەيدىكەن. كىرپە بولسا يازلىقى ئىش قىلماي ئويناپ يۈرىدىكەن. ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە كىرپە كېتىۋېتىپ، چۈمۈلىلەر توپلىشىپ ئىشلەۋاتقان يەرگە كېلىپ، چۈمۈلىلەرگە:

— سىلەر نېمانچە ئەخمەق، ھازىر ئويناپ، قىش كېلەي دېگەندە ئىشلىسەڭلارمۇ بولىدىغۇ؟! — دەپتۇ. لېكىن، چۈمۈلىلەر كىرپىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي يەنىلا ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ. ئاستا ـ ئاستا قىش كېلىشكە باشلاپتۇ. چۈمۈلىلەر تىرىشىپ ئىشلەپ ئوزۇقلۇق يىغىۋالغاچقا، ئۇۋىسىدا بەخىرامان تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. لېكىن، كىرپە ئوزۇقلۇق يىغمىغاچقا، ئاچ قېلىپ، چۈمۈلىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

چۈمۈلىلەر كىرپىگە ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنى بېقىپتۇ. ياز كەپتۇ. كىرپە قىشنى ئۆتكۈزۈپلا ئويۇنغا بېرىلىپ قىشلىق ئوزۇقلۇق يىغىشنى يەنە ئۇنتۇپ قاپتۇ. چۈمۈ-

لىلەر يەنىلا ئۇزۇقلۇق يىغىشقا باشلاپتۇ. يەنە قىش كەپتۇ.
كىرپە ئاچلىقتا چىدىماي، يەنە چۈمۈلىلەرنىڭ يېنىغا بې-
رىپتۇ. لېكىن، بۇ قېتىم چۈمۈلىلەر كىرپىگە كۆز قى-
رىنى سېلىپمۇ قويماپتۇ. كىرپە ئاخىر ئۇۋىسىغا بېرىپ
تۈگۈلۈپ يېتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. شۇڭا، خەلق ئىچىدە:
«كىرپىدەك تۈگۈلۈپ ياتقۇچە، چۈمۈلىدەك ئىشچان بول»
دېگەن تەمسىل تارقالغانىكەن.



# ئۆزۈڭگە ئىشەنچ قىلالىساڭ

كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر بوۋاي كىچىك نەۋرىسىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، ئۆزى پىيادە ئېشەكنى هەيدەپ بازارغا مېڭىپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندە، بىر تۆمۈرچىلىك دۇكىنىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىرنەچچە ئادەم:

— قاراڭلار، تازىمۇ ئەخمەق بوۋاي ئىكەن - هە ! شۇنچە ياشانغان ئادەم تۇرۇپ، ئېشەككە ئۆزى مىنىۋالماي، نەۋرىسىنى مىندۈرۈپ قويۇپ، ئۆزى پىيادە كېتىپ بارغىنىنى ! — دېيىشىپتۇ.



بوۋاي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، توغرا ئىش قىلمىغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپتۇ - دە، نەۋرىسىنى دەرهال ئېشەكتىن چۈشۈرۈپ، ئېشەككە ئۆزى

مىنىپتۇ ۋە:



— بالام، ئېشەك-
نى سەن ھەيدەپ ماڭ-
غىن، — دەپ يەنە
يولىغا راۋان بوپتۇ.

مېڭىپتۇ، مې-
ڭىپتۇ، بىر كوۋرۇك-
كە كەلگەندە، بۇ يەر-
دىمۇ بىرنەچچە ئادەم
ئولتۇرغانىكەن. بوۋاي ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ ئۆتۈپ
كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن:

— قاراڭلار، ئاۋۇ تازىمۇ باغرى قاتتىق بوۋاي ئىكەن.
شۇ ساقىلى بىلەن ئۆزى ئېشەككە مىنىۋېلىپ، كىچىككىنە
بالىنى پىيادە ماڭدۇرۇپتۇ، — دەپ غودۇڭشىپتۇ.

بوۋاي، يەنە توغرا قىلمىغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپ:

— بالام، كەينىمگە مىنگىشىۋال، — دەپتۇ. بالا مىن-
گەشكەندىن كېيىن يەنە مېڭىشنى داۋام قىپتۇ. خېلى ئۇ-
زۇن ماڭغاندىن كېيىن يولدا بىر توپ ئادەم ئۇچراپتۇ:

— قاراڭلار، كىچىككىنە ئېشەككە ئىچى ئاغرىماي
ئىككىسىنىڭ مىنىۋالغىنىنى ! — دېيىشىپتۇ.

بۇ گەپتىن بوۋاي خىجىل بولۇپ، ئۆزىمۇ، نەۋرىسىمۇ
ئېشەكتىن چۈشۈپتۇ - دە، سالتاڭ ئېشەكنىڭ ئارقىسىدىن
پىيادە مېڭىپتۇ. بازارغا ئاز قالغاندا، بىر قوغۇنچىنىڭ



دۆكنى ئالدىدا ئولتۇرغان

بىر توپ ئادەم:

— قاراڭلار، ماۋۇ ئەخ-

مەق بوۋاينى ! ھايۋانغىمۇ

ئىچ ئاغرىتقان بارمۇ؟ ئىب-

شەككە مىنىۋالماي، قىيند-

لىپ پىيادە كېتىپ بارغىنن-

نى ! — دېيىشىپتۇ.

بوۋاي قانداق قىلسا

توغرا بولىدىغانلىقىنى بىل-

مەي گاڭگىراپ قاپتۇ. بىر-

ئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر

مويسىپىت ئادەمنى چاقىرىۋېلىپ، بولغان گەپ - سۆزلەر-

نىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن قانداق

قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ. مويسىپىت ئادەم

كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئادەملەرنىڭ قارىشى ھەر خىل بولغاچقا، قىلىۋات-

قان ئىشىڭىز ئانچە خاتا بولمىسىمۇ: «ئۇ يېرى بولماپتۇ،

بۇ يېرى بولماپتۇ» دەيدىغانلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. قى-

لىۋاتقان ئىشىڭىزنىڭ توغرىلىقىغا ئۆزىڭىز ئىشەنچ قىلا-

لىسىڭىزلا، ھەر خىل گەپ - سۆزلەرگە قۇلاق سالماي،

ئۆزىڭىزنىڭ بىلگىنىڭىچە قىلىۋەرگىنىڭىز تۈزۈك !

# تۈلكە بىلەن چۈجە

بىر چۈجە كېسەل بولۇپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تۈلكە كۆزەينەك تاقاپ، ئۇچىسىغا خالات كىيىپ دوختۇر قىياپىتىگە كىرىپ، توخۇ كاتىكىگە بېرىپ ئىشىك قېقىپتۇ - دە، ئېچىنغان ئاۋاز بىلەن:

— ئاڭلىشىمچە، بىر چۈجە كېسەل بولۇپ قاپتۇ، مەن كېسەلنى داۋالىغىلى كەلدىم، مېنى كىرگۈزۈڭلار! — دەپتۇ. بىر چۈجە ئىشىك ئاچماقچى بولغاندا، باشقا نۇرغۇن چۈجىلەر دەرھال ئۇنى توسۇپ:

— توختاپ تۇر، بىز ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىپ، ئاندىن ئىشىك ئاچايلى، — دەپتۇ.

ئۇلار ئىشىك يوچۇقىدىن قاراپ ئۇچلۇق تۇمشۇق، ئۇزۇن قۇيرۇق بىر مەخلۇقنى كۆرۈپتۇ - دە، «ھوي ! بۇ تۈلكە ئەمەسمۇ؟» دېيىشىپ دەرھال ئۇنىڭغا:

— رەھمەت، بىز ھەممىمىز ئىنتايىن ياخشى تۇردۇق. بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز، ئىشىك ئېچىپ سىنى كىرگۈزگەندىن كېيىنكى بولىدىغان ئەھۋالدىن كۆپ ياخشى ! — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ.

# توشقان ئوۋلاش

بۇرۇنقى زاماندا توشقان ئوۋلاشقا خۇشتار بىر ئوۋچى ئۆتكەنىكەن. بىراق، ئۇ باشقىلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشنى ياقتۇرماي، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ قارىغا ئېتىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشنىمۇ خالىماي، پو ئېتىپلا يۈرىدىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇ ھەر قېتىم ئوۋغا چىقسا قۇرۇق قول قايتىپ كېلىدىكەن. بىر قېتىم قوشنىسى ئۇنىڭدىن:

— مەن بىرەر قېتىممۇ سىنىڭ ئوۋلاپ كەلگەن توشقىنىڭنى كۆرمىدىمغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوۋچى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن پەقەت توشقان ئوۋلاشنىلا ياخشى كۆرىمەن، ئۇنى يېيىشنى ياخشى كۆرمەيمەن. شۇڭا، ھەر قېتىم ئوۋلاپ كەلگەن توشقاننى باشقىلارغا بېرىۋېتىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، كېلەر قېتىم ماڭا بىرنى بەر. مەن سىنىڭ قوشناڭغۇ، — دەپتۇ قوشنىسى.

قوشنىسىنىڭ ئالدىدا يۈزى چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئەتىسى قاق سەھەردىلا توشقان ئوۋلاشقا چىقىپ-

تۇ، لېكىن كۈن پاتقۇچە كېزىپ يۈرۈپمۇ بىرمۇ توشقان ئاتالماپتۇ. ئۇ بۇ ئىشتىن خاپا بولۇپ نېمە قىلىشنى بىلـ-مەي تۇرغاندا، توشقان ساتىدىغان بىر ئادەمگە يولۇقۇپتۇ. ئۈۋچى بۇنى كۆرۈپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، دەرھال ئىكـ-كى توشقان سېتىۋاپتۇ ـ دە، خۇشال ھالدا ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۆيگە يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئەگەر بۇ تىرىك توشقانلارنى شۇ پېتى ئېلىپ بارسام، قوشنام ئۆزۈمنىڭ ئۈۋلىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئىككى توشقاننى بىر كىچىك دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، ئۆزى يىراق-تا تۇرۇپ قارىغا ئېلىپ ئېتىپتۇ. «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلـ-لەن تەڭ توشقانلار ئۇچقاندەك قېچىپ كېتىپتۇ.

بۇ قانداق ئىش؟ ئەسلىدە ئۈۋچى ئاتقان ئوق توشقانغا تەگمەي، توشقاننى باغلاپ قويغان يىپقا تېگىپ، يىپنى ئۈ-زۈۋەتكەنىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قوشنىسى كۆرۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ ئۈۋچىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھەي ئاغىنە، سەن توشقاننى ئەسلىدە مۇنداق ئۈۋلايدىكەنسەن ـ دە! — دەپتۇ.

# تۈلكە بىلەن يولۋاس

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولۋاس ئوزۇقلۇق ئىزدەپ سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇ چوڭ بىر ئورماننىڭ يېنىغا كەلگەندە، توساتتىن تۈلكە بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— ھاي - ھوي، — دەپ ھۆۋلاپتۇ يولۋاس، — شۇمتەك، بەك ئېچىرقاپ كەتكەنىدىم، سەن ماڭا راسا مەززىلىك غىزا بولىدىغان بولدۇڭ - دە !

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان تۈلكە كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، تازا غەزەپكە كەلگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ تىللاپتۇ:

— ھەي ھاماقەت، مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسەن؟ !

يولۋاس بېشىنى چايقاپ قويۇپتۇ.

— ھىم، — دەپتۇ تۈلكە غادىيىپ، — مەن ئورماندىكى ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى بولىمەن، كىمكى مېنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا، يىراقتىنلا پۈكلىنىپ تەزىم قىلىدۇ ياكى دەرھال كۆزدىن يوقىلىدۇ.

يولۋاس شىددەت بىلەن تۈلكىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ:

ــ هارامزاده شۇمتەك، مېنى ئالدىماقچىمۇسەن؟ ! ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

ــ سېنى ئالداۋاتىمەنمۇ؟ ــ تۈلكىنىڭ كۆزلىرىدىن قۇۋلۇق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كېتىپتۇ، ــ يوق، مەن بىلەن بىللە ئورمانغا بار، شۇندا مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىسەن !

ــ يوق، يول باشلا ! ــ دەپتۇ يولۋاس.

تۈلكە شۇ هامان غادايغان هالدا ئورماننىڭ ئىچىگە قەدەم تاشلاپتۇ.

ئاق توشقانلار تۈلكىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان يولۋاسنى كۆرۈپ جان ـ پېنى چىقىپ، قويۇق ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىغا ئۇچقاندەك چېپىپ كىرىپ كۆزدىن غايىب بولۇشۇپتۇ.

قىرغاۋۇللار يولۋاسنى كۆرۈپ «قاقاق»لىشىپ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي، دەرەخ ئۇچىغا قاراپ ئۇچۇشۇپتۇ...

تۈلكە قەدىمىنى توختىتىپ، كۆزىنى قىسىپ، قۇيرۇ- قىنى پۇلاڭشىتىپ:

ــ هە، ئەمدى ئىشەنگەنسەن؟ ــ دەپتۇ.

ــ هە، هە ! ــ دەپتۇ يولۋاس ئىشىنىپ، ــ كەچۈرسىلە، پادىشاهئالەم !

# پىل بىلەن خوراز

كـۈنلەردىن بىر كۈنى ناھايىتى يوغان بىر خوراز پىل-
نىڭ ئالدىغا كېلىپ، تەپ تارتماستىن ئۇيـەر - بۇيـەرنـى
چوقۇپ دان تېرىپ يەپتۇ - دە:

— قى - قى - قىق !... — دەپ قاتتىق قىچقىرىـپ
قويۇپتۇ.

— نېمانچە ھاكاۋۇر نېمىسەن، ھالىڭغا قارىـماي نې-
مانچە ۋارقىرايسەن؟ كىچىككىنە جېنىڭ بار ئىكەنۇ، ھەممە
يەرنى ئالا قويماي چوقۇپ دانلاۋېرىدىكەنسەن ! تاماقنى سەن
كۆپ يەمسەن، مەنمۇ؟ — دەپتۇ پىل غەزەپلىنىپ.

— سېنىڭ بويۇڭ چوڭ بولغان بىلەن مەنچىلىك تاماق
يېيەلمەيسەن، — دەپتۇ خوراز دادىللىق بىلـەن، — مـەن
سەندىن خېلىلا كۆپ تاماق يەيمەن !

ئۇلار: «قېنى كىم كۆپ غىزا يەيدىكىن؟» دەپ بەسلە-
شىپتۇ.

پىل ناھايىتى كۆپ تاماق يەپتۇ، كېيىن تويۇپ ئۇيقۇ-
غا كېتىپتۇ، ئويغىنىپ قارىسا، خوراز يەنىلا دانلاپ يۈر-

گەنمىش. پىل يەنە تاماق يېيىشكە باشلاپتۇ، تاماقنى بولۇ-
شچە يەپ يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، بىر ۋاقىتتا يەنە ئويغى-
نىپ قارىسا، كەچ بولۇپ قاپتۇ، ئەمما خوراز تېخىچىلا
دانلاپ يۈرگەنمىش، دان تېرىپ يەۋېتىپ پات - پات
«قى - قى - قىق !...» دەپ قىچقىرىپ قويغۇدەكمىش.
«مۇنۇ پىندەك يەپ تويماس ئىكەنغۇ ! — دەپتۇ پىل
ھەيران بولۇپ، — بۇنداق تويماس جانىۋارنى زادىلا
كۆرمىگەنىكەنمەن.»

شۇنداق قىلىپ، خوراز پىلنى يېڭىۋاپتۇ ۋە پىلنىڭ
ئۈستىگە مىنىپ بىر تاماشا قىلايچۇ، دەپ ئويلاپ، پۈرردە
ئۇچۇپ، پىلنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ - دە:

— قى - قى - قىد ... قى - قىد !!! — دەپ تې-
خىمۇ قاتتىق قىچقىرىپتۇ. قورقىنىدىن يۈركى ئاغزىغا
تىقىلىپ قالغان پىل قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ:

— ۋايجان ! مەن ئۆلىدىغان بولدۇم، مېنى يەپ قو-
يىدىغان بولدى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ - دە، قېچىپ ئور-
مانغا كىرىپ كېتىپتۇ.

خوراز بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ، قاناتلىرىنى
قېقىپ:

— قى - قى - قىق ! ... مەن چوڭمىكەنمەن، سەن-
مۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

# توشقان بىلەن ئۆردەك

ئىككى ئويۇنچى ئۆردەك سۇدا ئۈزۈپ يۈرسە، بىر توشقان قىرغاقتا كېلىپ:

— مېنى بىردەم ئويناتساڭلار، — دەپ يېلىنىپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ ئۆردەكۋايلار، — كەل، ئۈستىمىزگە چىق!

ئىككى ئۆردەك بىر - بىرىگە ياندىشىپ، سۇدا يېقىن تۇرۇپتۇ، توشقانجان ئۆردەكلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۆزىنى خۇددى قولۋاقتا ئولتۇرغاندەك ھېس قىپتۇ.

توساتتىن، ئىككى ياقتا ئىككى پاقا كۆرۈنگەنىكەن، ئۆردەكلەر پاقىنى قوغلاپ، بىرى ئۇياققا، بىرى بۇياققا مېڭىپتۇ. بىچارە ئەخمەق توشقان سۇغا غەرق بوپتۇ.



## تۈلكىنىڭ ئەتىسى

تۈلكە ئاشخانا ئېچىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوقىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولماپتۇ. تۈلكە خېرىدار كۆپەيتىش ئۈچۈن بىر ھىيلە ئويلاپ چىقىپتۇ-دە، ئاشخانىنىڭ ئىشىك بېشىغا: «ئەتە تاماق يېگۈچىلەردىن ھەق ئېلىنمايدۇ» دەپ خەت چاپلاپ قويۇپتۇ. كەچقۇرۇن كوچىدا كېتىۋاتقان غازنىڭ كۆزى ئاشخانىنىڭ ئىشىك بېشىدىكى: «ئەتە تاماق يېگۈچىلەردىن ھەق ئېلىنمايدۇ» دېگەن يوغان خەتكە چۈشۈپتۇ ۋە كۆڭلىگە دەرھال، ئەتە كېلىپ قورساقنى راسا بىر تويغۇزۇۋالاي، دېگەننى پۈكۈپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ. غاز ئاشخانىغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتۇپتۇ. خوجايىن تۈلكىۋاي جۇلدۇر كىيىملىك غازنىڭ باش-ئايىغىغا قاراپتۇ ۋە:

— تاماققا تۆلىگۈدەك بىرنېمىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمە؟ بۈگۈن تاماق يېگۈچىلەردىن ھەق ئېلىنمايدىغان كۈنغۇ؟ — دەپتۇ غاز.

— نەدىكىنى، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قاراپ بېقىڭ، — دەپتۇ تۈلكە. غاز ئىشىك ئالدىغا چىقىپ: «ئەتە تاماق يې-گۈچىلەردىن ھەق ئېلىنمايدۇ» دەپ يېزىلغان خەتنى كۆرۈپتۇ.

تۈلكە قۇۋلۇق بىلەن:

— بۈگۈن ئەمەس، ئەتە ! — دەپتۇ.

غاز ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى چۈشىنىپ:

— ئەمدى ئۇقتۇم، بۇ مەڭگۈ كەلمەس ئەتە ئىكەنغۇ ! — دەپتۇ.

# ئات بىلەن يولۋاس

ئات كەڭ دالىدا ئوتلاپ يۈرسە، ئالدىدىن بىر يولۋاس چىقىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئات قورقۇپتۇ، لېكىن قورقـقانلىقىنى بىلىندۈرمەي:

— كىمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ يولۋاستىن.

— يولۋاسمەن، بارلىق ھايۋانلارنىڭ پادىشاھىمەن، سەن ئۆزۈڭ كىمسەن؟ — دەپتۇ يولۋاس.

— مەن ھەممە ماللارنىڭ باشلىقى، — دەپتۇ ئات.

بۇنى ئاڭلىغان يولۋاس، باشقا بىر باشلىققا دۇچ كېلىپ قاپتىمەنغۇ، دەپ قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە:

— ھەر ھالدا مەن سېنىڭدىن چوڭراق، — دەپتۇ.

— ياق، سېنىڭدىن مەن چوڭ، — دەپتۇ ئات.

ئۇلار ئۇزاققىچە گەپ تالىشىپتۇ. ئەڭ ئاخىر ئات:

— بولمىسا، كۈچىمىزنى سىنىشىپ كۆرەيلى! كىم كۈچلۈك بولسا، شۇ چوڭ بولسۇن! — دەپتۇ.

— بوپتۇ، — دەپتۇ يولۋاس، — كۈچىمىزنى نېمە

بىلەن سىنايمىز؟

— قايسىمىز تاشتىن ئۇچقۇن چىقىرالىساق، ئەنە شۇ كۈچلۈك، — دەپتۇ ئات.

يولۋاس بۇ تەكلىپكە كۆنۈپتۇ ۋە بىرىنچى بولۇپ كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. ئۇ پۇتلىرى بىلەن تاشنى تېپىپتۇ، تېپىپتۇ، لېكىن بىر تالمۇ ئۇچقۇن چىقماپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئات تاقىلانغان تۇيىقى بىلەن تاشنى بىر تەپكەنىكەن، چاراس - چۇرۇس، ۋال - ۋۇل قىلىپ تۆت تەرەپكە ئۇچقۇنلار چاچراپتۇ.

ئۇچقۇننى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن يولۋاس ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپ كېتىپتۇ.



## كىرپە بىلەن توشقان

بىر كۈنى توشقان كىرپىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سېنىڭ جۇۋاڭ قانداق يامان، ساپلا تىكەن، مېنىڭ بولسا يۇمشاق مامۇقتەك، — دەپ ماختىنىپتۇ. كىرپە:

— يامان بولسىمۇ، مېنىڭ جۇۋام ئىت بىلەن بۆرىدىن ساقلايدۇ، سېنىڭ ياخشى جۇۋاڭ سېنى شۇنداق ساقلىيالامدۇ؟ — دەپ سوراپ تۇرۇشىغا، بىر بۆرە جاڭگالدىن چىقىپ كەپتۇ. توشقان قورققىنىدىن ئوقتەك چېپىپ، چاتقال ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن توشقان: «ھە، مېنى ساقلايدىغان جۇۋام ئەمەس، پۇتۇم ئىكەن - دە!» دەپ خاتاسىنى چۈشىنىپتۇ.



# ئۈچ تۈلكە

ئەشقە ئىسىملىك بىر توشقان بارئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئىشىكىگە مىنىپتۇ ـ دە، خوتىكىنى ئەگەشتۈرۈپ، جاڭ- گاللىقنىڭ نېرىسىدا تۇرىدىغان ئاكىسىنىڭكىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئېرىق بويىدا سەكرىشىپ ئويناپ يۈرگەن توشقانلار:

— جاڭگال قورقۇنچلۇق، بارمىغىن، — دېيىشىپتۇ، ئەمما ئەشقە بۇنىڭغا قۇلاق سالماپتۇ.

كۈن راسا قىزىغان چۈش پەيتى ئىكەن. شوخ خوتەك ئوي- ناقلاپ بېشىدىكى پۆپۈكلىرىنى سىلكىتىپ تىترىتىدىكەن، ئۇنىڭ بوينىدىكى قوڭغۇرىقى توختىماي جىرىڭلايدىكەن.

جاڭگاللىقتا ياشايدىغان بىر ئۈۋىلىق تۈلكە قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ ـ دە، قۇلاقلىرى دىڭگىيىپتۇ.

— ئەشقە كېلىۋېتىپتۇ، — دەپتۇ بالا تۈلكە.

— ئالدىرىما، ھېلى ئەدىپىنى بېرىمىز، — دەپتۇ ئانا تۈلكە، — مەن ئىشىكىنى ئېلىپ قاچىمەن.

— مەن خوتىكىنى ئېلىپ قاچىمەن، — دەپتۇ ئاتا

تۈلكە.

— مەن كىيىملىرىنى ... — دەپتۇ بالا تۈلكە.

ئەشقە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئىشىكنى ھەيدەپ ئالدىدا مېڭىۋېرىپتۇ، ھېرىپ كەتكەن خوتەك بولسا خىلىلا كەيندە قاپتۇ. ئەشقە كەينىگە تولا قاراپ، خوتەكنى چاقىرىپ ھېرىپتۇ - دە، ئەك ئاخىر، قوڭغۇراق جىرىڭلاۋاتىدىغۇ، خوتەك كىلىۋېتىپتۇ، دەپ ئويلاپ، بىمالال كېتىۋېرىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن ئاتا تۈلكە ئاستا خوتەكتىن قوڭغۇراقنى يېشىۋاپتۇ - دە، ئىشەكنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويۇپتۇ ۋە خوتەكنى ئېلىپ قېچىپتۇ.

بىر بۇرۇلۇشتا ئانا تۈلكە پەيدا بوپتۇ - دە:

— ھەي توشقانجان، ئۆزۈڭ يالغۇز قاياققا كېتىپ بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەشقە، شۇم تۈلكە خوتىكىمنى ئېلىپ قاچمىسۇن! دەپ ئارقىسىغا قاراپتۇ، خوتەك يوق. «ۋاي خوتىكىمەي... قەيەردە قالدىڭ؟» دەپ بىردىنلا ھۆڭرەپ يىغلىۋېتىپتۇ.



— يىغلىما، — دەپتۇ ئانا تۈلكە، — خوتىكىڭ قاياققا مېڭىشىنى بىلمەي نېرىقى دوقمۇشتا تۇرىدۇ، بېرىپ

ھەيدەپ كەلگىن، مەن ئىشىكنىڭگە قاراپ تۇراي.
ئەشقە ئىشەكنى قالدۇرۇپ ئارقىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپ-تۇ. «ۋاي لەپشەڭەي» دەپ كۈلۈپتۇ ئانا تۈلكە ۋە ئىشەكنى يورغىلىتىپ ئېلىپ قېچىپتۇ.
ئەشقە خوتەكنى تاپالماي قايتىپ كەپتۇ، قارىسا، ئى-شىكى يوق. ئۇ ناھايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە ئەمدى ئۆ-زۈمنىمۇ ئوغرىلاپ كەتمىسىدى... دەپ ئويلاپتۇ.
ئەشقە يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، كۆلنىڭ بويىدا يىغلاپ ئولتۇرغان بالا تۈلكىگە يولۇقۇپ قاپتۇ ۋە:
— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— شورۇم قۇرۇدى، — دەپتۇ بالا تۈلكە، — بازارغا كېتىپ باراتتىم، بىر ھەميان ئالتۇنۇم سۇغا چۈشۈپ كەت-تى، ئەمدى دادام ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان بولدى.
— يىغلىما، — دەپتۇ ئەشقە ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ.
— ئۇزۇشنى بىلسەڭ، ئاچىقىپ بەرگىنە! يۈز تەڭ-گىسىنى ساڭا بېرىمەن، — دەپتۇ بالا تۈلكە. «ئىشەك بى-لەن خوتەكنىڭ باھاسى يۈز تەڭگىگە تۇرماسمۇ؟ — دەپ ئويلاپتۇ ئەشقە، — مەيلى، يۈز تەڭگە بولسىمۇ ئالاي، بۇ-نىڭغا بىر ئىشەك بولسىمۇ سېتىۋالسام بولىدۇ...»
— بوپتۇ، — دەپتۇ ئەشقە ۋە ھەش - پەش دېگۈچە كىيىم - كېچەكنى سېلىپ سۇغا شۇڭغۇپتۇ.
«مۇرادىمغا يەتتىم» دەپ كۈلۈپتۇ بالا تۈلكە ۋە ئەشقە-نىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ قېچىپتۇ.

# تۈلكىنىڭ تاپقان دورىسى

بۆره بىلەن تۈلكىنىڭ ئەزەلدىنلا قورساق ئاغرىقى بولغاچقا، بۆره بىر ئىلاجىنى قىلىپ تۈلكىنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنى ئويلاپ يۈرىدىكەن.

بىر كۈنى «پادىشاھ يولۋاس ئاغرىپ قاپتۇ» دېگەننى ئاڭلىغان بۆره ھال سوراپ، پايپاسلاپ يولۋاسنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. يولۋاس ئاغرىقى خېلىلا ياخشىلىنىپ، ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان مەزگىلى ئىكەن. «ھال سورىغان كۆڭۈلگە ياخشى» دېگەندەك، يولۋاس بۆرىنىڭ ھال سوراپ كەلگىنىگە خۇشال بولۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئەمدى پۇرسەت كەلدى، دەپ ئويلىغان بۆره يولۋاسقا تۈلكىنى يامانلاشقا باشلاپتۇ:

— تەقسىر، سىزنى ئاغرىپ قالدى دېگەننى ئاڭلاپلا يوقلاپ كەلدىم. ھېلىقى ھارامزاده تۈلكە ئاغرىپ ياتقانلىقىڭىزنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان بولسىمۇ، يوقلاپ قويۇشقۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ يۈرىدۇ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان يولۋاس ئاچچىقلىنىپ، تۈلكىنى دەرھال چاقىرتىپتۇ. قېچىپ قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن تۈلكە يولۋاسنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇ يولۋاسنىڭ ئالدىدا كۆرەڭلەپ ئولتۇرغان بۆرىنى كۆرۈپتۇ-دە، ئىشنىڭ تەكتىنى چۈشىنىپتۇ.

تۈلكىنى كۆرگەن يولۋاس غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ:

— سەن نېمانچە يوغىناپ كەتتىڭ؟! ئاڭلىسام، ئارقامدىن غەيۋەتىمنى قىلىپ يۈرۈپسەنغۇ؟! — دەپتۇ.

— تەقسىر، ئۆزلىرى ئاغرىپ قالغان كۈندىن بۇيان مەندە كۈندۈزى ئاراملىق، كېچىسى ئۇيقۇ يوق، دەردلىرىگە شىپا بولغۇدەك دورا ئىزدەپ بارمىغان يېرىم، سورىمىغان ئادىمىم قالمىدى. ئاخىر ئۇنى تېپىپ ئالدىلىرىغا ئەكەلدىم، — دەپتۇ تۈلكە خۇشامەت بىلەن.

«شىپالىق دورا تېپىپ كەلدىم» دېگەننى ئاڭلىغان يولۋاس تاقەتسىزلىنىپ:

— ئۇ قانداق دورا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ دورا — بۆرىنىڭ گۆشى بىلەن تېرىسى. بۆرىنىڭ گۆشىنى يەپ، تېرىسىگە يۆگىنىپ راسا تەرلەنسىلە، سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدىلا.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئورنىدىن قوزغالغان بۆرە غىپپىدە قېچىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپتۇ.

قۇرۇق سۆزدىن بۆرىنىڭ گۆشى بىلەن تېرىسىنى ئەۋزەل كۆرگەن يولۋاس بۆرىنى بولجۇتماي تۇتۇپ، پوكىنىغا بېسىپتۇ-دە، يەۋېتىپتۇ.

# تەمەخور بۆرە

نەچچە كۈندىن بۇيان قانلىق ئاغزىغا بىر تال چىۋىنمۇ سالماي ئاچ يۈرگەن بۆرە كەچقۇرۇندا بىر ئۆينىڭ ئىشىكى يېنىغا كېلىپ ماراپتۇ. ئۆي ئىچىدىن كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بالىنىڭ ئانىسى:

— بولدى، يىغلىما، ئەمدى يەنە يىغلايدىغان بولساڭ، بۆرىگە بېرىۋېتىمەن، — دەپتۇ.

مېنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىمنى ئۆي ئاياللىرىمۇ بىلىدىكەنغۇ، ئەمدى بالىسى يىغلايدىغان بولسا، ماڭا بېرىۋېتىدۇ، دەپ تەمە قىلغان بۆرە ئىشىككە يۆلىنىپ تاڭ ئاتقۇچە بالىنىڭ يىغلىشىنى كۈتۈپتۇ.

بىر چاغدا بالا يەنە يىغلاپتۇ.

— يىغلىما، بالام، بۆرىگە بەرمەيمەن. بۆرە كېلىدىغان بولسا، ئۆلتۈرىمەن، — دەپ بالىسىنى بەزلەپتۇ ئانا.

ئادەملەردىن ماڭا قاچان مەنپەئەت يەتكەن، ئەمدى ئاستا كۆزدىن يوقىلاي، دەپ بۆرە ئورنىدىن قوزغىلىپتۇ. ئەمما، ئۇنى كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

# ئۆكۈز بىلەن پاقا

ئوتلاپ يۈرگەن بىر ئۆكۈز سۇ ئىچىش ئۈچۈن كۆلگە كەپتۇ. ئۇنى كۆرگەن پاقىلار ھەر تەرەپكە قېچىشىپتۇ، ھەممىسى ئۆكۈزنىڭ يوغانلىقىغا ھەيران بولۇشۇپتۇ. شۇ يەردە تۇرغان بىر قىزىل قولتۇق پاقا:

— ھوي، نېمىسگە ھەيران بولىسىلەر ئۇنىڭ ! يوغىناش قىيىن نەرسىمكەن شۇنچە ! مانا، ماڭا قاراڭلار، مەن ھازىر ئۆكۈزدىنمۇ يوغان بولىمەن، — دەپتۇ. ئۇ ئىچىگە ھاۋانى تارتىپ، كۆپۈشكە باشلاپتۇ ھەم يولداشلىرىدىن:

— ئۆكۈزدەك بولدۇممۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. يولداشلىرى كۈلۈشۈپتۇ. كۆلگەنگە ئاچچىقى كەلگەن قىزىل قولتۇق پاقا ئۆكۈزدەك بولىمەن دەپ، كۈچىنىپ ھاۋانى ئىچىگە تارتىۋېرىپ، چىڭقىلىپ كېتىپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭ كۈچسىز، نېپىز قورساق تېرىسى «پوڭڭىدە» يېرىلىپتۇ ـ دە، ئۆلۈپتۇ.

«ئۆزۈمنى بىلمەي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# بۆرە بىلەن ئۆچكە

بىر كۈنى چۆپ چېپىۋاتقان دېھقان يول بويىدىكى تېرەك سايىسىدە چۈشلۈك تامىقىنى يەپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇنىڭ ئالدىدىكى قېلىن ئورماندىن بىر ئاچ بۆرە چىقىپ كەپتۇ ـ دە:

— ئەي كىشى، نېمە يەۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نان بىلەن ھەسەل يەۋاتىمەن، — دەپتۇ دېھقان.

— ماڭىمۇ ئازراق بەرسەڭ، يەپ كۆرسەم !

دېھقان يەۋاتقان نېنىدىن بىر بۇردا سۇندۇرۇپ، ھەسەلگە تۇگۈرۈپ بۆرىگە بېرىپتۇ. يۇمشاق نان بۆرىگە بەك تەملىك تېتىپ كېتىپتۇ، شۇڭا ئۇ:

— مېنىڭ قورسىقىم ئاچ، مەن نان يېيىشنى خالايمەن. بىراق، مەن ئۇنى قانداق پىشۇرۇشنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ.

دېھقان بۆرىگە ناننى قانداق تەييارلاشنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ، يەر ھەيدەش، تېرىش، سۇغىرىشتىن باشلاپ تاكى ناننى يېقىپ پىشۇرغانغا قەدەر بولغان ئىشلارنىڭ ھەممى-

سىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىپتۇ.

— ۋاي - ۋۇي... — دەپتۇ دېھقاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بۆرە، — بۇ بەكمۇ مۇشەققەتلىك ئىش ئىكەن. سەن ماڭا قانداق قىلىپ تەييارلا نانغا ئىگە بولۇش لازىملىقى ھەققىدە مەسلىھەت بەرسەڭ!

دېھقان بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ بۆرىگە مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنداقتا سەن يايلاققا — يىلقىلارنىڭ يېنىغا بار. ئۇ يەردە بىر قۇلۇنلۇق بىيە بار، سەن شۇنىڭ قۇلۇنىنى يېگىن!

بۆرە دېھقاننىڭ سۆزىنى راست دەپ بىلىپ، ئۇدۇل يايلاققا بېرىپتۇ. دىگەندەك بىر توپ يىلقا ئوتلاپ يۈرگەنىكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇلۇنلۇق بىيىمۇ بار ئىكەن. بۆرە قۇلۇنلۇق بىيىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ - دە، ئانىسىنى ئېمىۋاتقان قۇلۇنغا ئېتىلىپتۇ. بىيە چېۋەرلىك بىلەن قوش ئاياغلاپ شۇنداق چىڭ تېپىپتۇكى، بۆرە خېلىغىچە ھوشىغا كېلەلمەي يېتىپ قاپتۇ.

ئاچ بۆرە ھوشىغا كېلىپ، ھېلىقى دېھقاننىڭ يېنىغا يەنە كەپتۇ - دە، يىغلامسىراپ:

— ئۇنى يېيىشكە مۇمكىن بولمىدى، — دەپتۇ.

— ئەگەر، — دەپتۇ دېھقان، — ئۇنىڭدىن نەپ ئالالمىغان بولساڭ، ئاۋۇ قىيالىق تاغقا چىق. ئۇ يەردە ئۆچكە تولا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سېمىزرەك بىرىنى تاللاپ شۇنى يېگىن!

بۆرە تاغقا چىقىپ، ئەڭ چوڭ، سېمىز بىر ئۆچكىنى كۆرۈپتۇ ـ دە:

— ھە... بەللى ! يېيىشكە بۇنىڭدىنمۇ ياخشى گۆش تېپىلارمۇ ! — دەپتۇ ئاغزىدىن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، — سېنى يېيىشمنى دېھقان بۇيرۇغاندى، شۇڭا قارشىلىق قىلمىغىن !

— بۆرىۋاي، بۇنىڭغا مېنىڭ نېمە ئامالىم بار، بوپتۇ، يېسەڭ يېگىن ! لېكىن، مېنى پارچىلاپ يەيمەن دەپ ئاۋارە بولما، مېنىڭ تېرەمنى بۇزما ! سەن ئاۋۇ يەرگە بېرىپ، تاشقا ئۆزۈڭنى تىرەپ، پۇتلىرىڭنى كېرىپ، ئاغزىڭنى يو-غان ئېچىپ تۇرغىن، مەن يۈگۈرۈپ كېلىمەن ـ دە، ئاغ-زىڭغا كىرىپ كېتىمەن، — دەپتۇ ئۆچكە.

بۆرە ئۆچكىنىڭ دېگىنى بويىچە تۇرۇپتۇ. ئۆچكە يۈ-گۈرۈپ كېلىپ، كېلىشكەن مۈڭگۈزلىرى بىلەن بۆرىنى شۇنچىلىك قاتتىق ئۇسۇپتۇكى، بۆرە بىرقانچە سائەتكىچە ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قاپتۇ.

بۆرە ھوشىغا كېلىپ قارىسا، ئەتراپىدا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ تۆت تەرەپكە بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىق-قاندىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن ئۆچكىنى يېدىممۇ، يېمىدىممۇ؟ ئۇنىڭ كۆرۈنمىگەنلىكىگە قارىغاندا يېگەن ئوخشايمەن» دەپتۇ.

# تۈلكە بىلەن تۇرنا

تۇرنا بىلەن تۈلكە دوست ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ تۇرنا بالا چىقىرىپتۇ، ئۇلارنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ تەربىيىلەپتۇ. تۈلكە تۇرنىنىڭ بالىلىرىغا كۆز ئالايتىپ، بۇلارنى يېسەڭ قانداق ھۇزۇر ـ ھە ! دەپ ئويلاپتۇ.

بىر كۈنى تۇرنا بىلەن تۈلكە ئوزۇقلۇق ئىزدەپ چىقىپتۇ. تۇرنا يىراق كۆلگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. تۈلكە بولسا دەررۇ كەينىگە يېنىپ، تۇرنىنىڭ بالىلىرىدىن بىرىنى تۇتۇپ يەۋېتىپتۇ. تۇرنا قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ياش تۆكۈپ دەپتۇ:

ــ شورىمىز قۇرۇدى. كەلسەم بىر بالاڭ يوق...

تۇرنا يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئۇلار يەنە ئوزۇقلۇق ئىزدەپ كېتىپتۇ. كەچقۇرۇن قايتىپ كەلگەندە تۇرنىنىڭ يەنە بىر بالىسى يوقلۇقى بىلىنىپتۇ. تۈلكە يالغان ئېيتىپ:

ــ ئۇنى پاقا يەپتۇ، پاقىنىڭ مۇشۇ يەردە ئەگىپ يۈرگىنىنى كۆرۈۋىدىم، ــ دەپتۇ.

ئەتىگەنلىكى تۇرنا پاقىدىن ئۈچ ئىلىش ئۈچۈن كۆلگە كېتىپتۇ. ئۇ پاقىلارنى ئۇۋا ـ ئۇۋىلىرىغا قوغلىۋېتىپ، قايتىپ كېلىپ قارىسا، ئاخىرقى ئىككى بالىسىمۇ يوق تۇرغۇدەك. تۇرنا ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ ۋە نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

— ئۆيۈڭ كۆيدى، — دەپتۇ تۈلكە ۋە تۇرنىنىڭ ئۆزىنىمۇ يېيىش پېيىگە چۈشۈپتۇ. تۈلكىنىڭ نىيىتىنى سەزگەن تۇرنا:

— دوستۇم، بۇ يەردە بىزگە كۈن يوق ئىكەن. يۈر، كېتىمىز، كۆلنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئوزۇقلۇق كۆپ، — دەپتۇ.

— كۆلدىن قانداق ئۆتىمەن؟ مېنىڭ قانىتىم يوققۇ، — دەپتۇ تۈلكە.

— مەن كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزىمەن، — دەپتۇ تۇرنا.

تۈلكە ماقۇل بوپتۇ. تۇرنا تۈلكىنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپتۇ. ئۇلار ئېگىز ئۆرلىگەندىن كېيىن:

— يەرنى كۆرۈۋاتامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ تۇرنا.

— ھە، مۇشتۇمدەك بولۇپ كۆرۈنۈۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تۈلكە.

— ئەمدىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تۇرنا تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ.

— تەڭگىدەك بولۇپ كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

— ياخشى گەپ، — دەپتۇ تۇرنا ۋە تۈلكىنى قويۇۋېتىپتۇ...

تۈلكە موللاق ئېتىپ يەرگە چۈشۈپ، خۇددى تېرىقتەك ئۇۋىلىپ كېتىپتۇ.

# هورۇن ئېشەك

بىر كىشى ئىككى ئېشەككە يۈك ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. بىر ئېشەكنىڭ يۈكى ئېغىرراق، يەنە بىرىنىڭ يېنىكرەك ئىكەن. ئېشەكنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن ياردەم سوراپ:

— ئاكا، بولالمىدىم، بىر ئاز ياردەم قىلساڭچۇ، — دەپتۇ.

— نېمە كارىم، — دەپتۇ يەنە بىر ئېشەك، — مەن كۆتۈرەلمەيمەن.

شۇنداق قىلىپ، يۈكى ئېغىر ئېشەك ھېرىپ ھالى قالماي، ئاخىر ئۆلۈپ قاپتۇ.



ئېشەكنىڭ ئىگىسى يۈكنىڭ ھەممىسىنى بىرلا ئېشەككە ئارتىپتۇ.

«ھورۇن ئېشەك يۈكنى ئېغىر كۆتۈرەر» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# ئاچ بۆرە

بىر ئاچ بۆرە يەيدىغان بىر نەرسە تاپالماي، ناھايىتى سەرسان بوپتۇ. ئۇ، ئالدىمغا دۇچ كەلگەنلا نەرسىنى يەيمەن ! دەپ ئويلاپتۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قوزىچاق چىقىپ قاپتۇ.

— ۋاھ، قانداق ياخشى - ھە ! — دەپتۇ بۆرە شۆل-گەيلىرىنى ئېقىتىپ، — قوزىچاق، مەن سېنى يەيمەن.

— توختا ! شۇنداق قۇرۇقلا يەۋېرەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ قوزىچاق.

— بولمىسا، قانداق يەي؟ — دەپتۇ بۆرە.

— ئەگەردە ھۇزۇر قىلىمەن دېسەڭ، — دەپتۇ قوزى-چاق ئۇنىڭغا، — يېزىغا بارغىن، زىخ، پىياز، قارىمۇچ ئە-كەلگىن، كېيىن گۆشۇمنى زىخقا ئۆتكۈز - دە، ياخشىلاپ كاۋاپ قىل. پىيازنى قارىمۇچ بىلەن ئەزگىن ۋە ئۇنى كاۋاپقا سېپىپ يېگىن. دۇنيادا مۇنداق كاۋاپتىن ئارتۇق غىزا يوق.

— راست ئېيتىسەن، — دەپتۇ بۆرە ۋە يېزىغا قاراپ

يۇگۇرۇپتۇ، يولدا قويچىلار يولۇقۇپتۇ. بۆره:

ــ هەي ئاغىنىلەر، ماڭا پىياز، زىخ، قارىمۇچ بې-
رىڭلار، قوزىچاقنى بەرره كاۋاپ قىلىپ يەيمەن، هۇزۇر قى-
لىمەن ! ــ دەپ ۋارقىراپتۇ. قويچىلار بۇنى ئاڭلاپ:

ــ مانا ساڭا پىياز، زىخ، قارىمۇچ ! قېنى شۇ كاۋاپ
يەيدىغان چىشلىرىڭ؟ ! ــ دەپ بۆرىنىڭ تۇمشۇقىغا تاياق
بىلەن كېلىشتۇرۇپ راسا ساپتۇ.



# هورۇن ئىت

بىر يىلى قىش ناھايىتى قاتتىق كەپتۇ، قار ئۆگزە بويى يېغىپ، دەرەخ ئۇچىدىكى قاغىلار توڭلاپ يەرگە چۈشۈپتۇ. دائىم بوسۇغىدا يېتىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئىتنىڭ كۈنى تەس بوپتۇ. ئىت سوغۇقنىڭ دەستىدىن تۈگۈلۈپ يېتىپ بېشىنى چىقىرالمايدىغان، ئورنىدىن تۇرسا سەكىلدەپ، قاترايدىغان بولۇپ قاپتۇ. قاتتىق سوغۇق ئىتنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ: «خەپ، مەنمۇ يازدا تازا ئىسسىق بىر ساراي سالمىسام، ئىت بولماي كېتەي» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، يامان سوغۇق تۈگەپ، باھار كەپتۇ، بارا - بارا كۈنلەر ئىسسىپ كېتىپتۇ. ئىتمۇ تەڭلا ئىسسىپتۇ. ئىت ئۇيناپ - كۈلۈپ، كەچ بولغان يەردە يېتىپ، قىشتىكى قەسىمىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن: «ئىت مۈزلىغاندا ساراي سالىدۇ، ئىسسىغاندا ئۇنتۇپ قالىدۇ» دېگەن تەمسىل پەيدا بولغانىكەن.

# شورپا قىلالمىدۇق، كاۋاپمۇ

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئېگىز ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر توپ ياۋا غازلارنى كۆرۈپتۇ ـ دە، دەرھال ئوقيالىرىنى بەتلىشىپ ئاتماقچى بولۇشۇپتۇ. شۇ ئەسنادا ئاكىسى:

— ئېتىپ چۈشۈرگەندىن كېيىن شورپا سالايلى، — دەپتۇ.

— مېنىڭچە، كاۋاپ قىلساق لەززەتلىك بولىدۇ، — دەپتۇ ئۇكىسى.

ئىككىيلەن تالىشىپ قاپتۇ، بىرلىككە كېلەلمەي، ئاخىر بىر ئادەمنى ئايرىپ قويۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. نەتىجىدە، غاز گۆشىنىڭ يېرىمىدا شورپا سالىدىغان، يېرىمىنى كاۋاپ قىلىدىغان بولۇپ پۈتۈشۈپتۇ. ئەمما، ئۇلار «ئەمدى غازلارنى ئاتايلى» دەپ كۆككە قارىغانىكەن، غازلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ.

«ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپتۇ» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى

قۇيرۇقىنى چىقىرىپ يۈرسە كىشىلەرنىڭ تونۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ يۈرگەن تۈلكە تانا بىلەن قۇيرۇقىنى قورسىقىغا تېڭىپتۇ ۋە ئۆزىنى ئەقىللىق ھېسابلاپ، خاتىرجەم ھالدا ماختىنىپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى تۈلكە ئېتىزلىققا بارغاندا دېھقانغا ئۇچراپ قاپتۇ - دە، يۈرىكى پوكۇلداپ:

— دېھقان تاغا، تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى بولىدۇ، قۇيرۇقى بولمىسا، ئۇنى تۈلكە دېگىلى بولمايدۇ، قارا، مانا مېنىڭ قۇيرۇقۇم يوق، مەن تۈلكە ئەمەس... — دەپتۇ.

تۈلكىنىڭ گېپى تۈگە - تۈگمەيلا دېھقان كەتمەن بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇرغانىكەن، تۈلكە ۋايجانلاپ سەكرەپ كېتىپتۇ ۋە قۇيرۇقى ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ.

دېھقان قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ھەرقانداق نەرسە نىقابلىنىۋالسىمۇ، ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالغاندا ئەسلىي قىياپىتى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

# تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىنى جازالىشى

بىر تۈلكە ئىتىزلىقنى ئارىلاپ يۈرسە، ئىتلار كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئارقىدىن تاپ بېسىپ قوغلاپتۇ. يەردە قار يوق كۈنلەر بولغاچقىمۇ، تۈلكە ئىتلارنى ئۆزىگە يەتكۈزمەي، قېچىپ بېرىپ ئىنىغا سالامەت كىرىۋاپتۇ. تۈلكە ئىنىدا ئولتۇرۇپ، دېمىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئىككى قۇلىقىدىن سوراپتۇ:

— سىلەر نېمە قىلدىڭلار؟

— بىز شاپۇر - شۇپۇر، تاراس - تۇرۇس، تاڭ - تۇڭنى ئاڭلاپ سىزگە خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇردۇق.

— كۆزلىرىم، سىلەر نېمە قىلدىڭلار؟

— يولدا چېلىققان ياخشى - يامان ئىش - ھەرىكەتلەرنى كۆڭلىڭىزگە سېلىپ تۇردۇق.

— پۇت - قوللىرىم، سىلەر نېمە قىلدىڭلار؟

— بىز سىزنى ئادەمزات ۋە ئىت، قۇشلارنىڭ قەستىدىن قۇتقۇزۇپ قالدۇق.

— قۇيرۇقۇم، سەن نېمە قىلدىڭ؟

قۇيرۇق ئاغلىمىغان بولۇپ تۇرۇۋاپتۇ. تۈلكە يەنە سوراپتۇ:

— ئېيتە، قۇيرۇقۇم، سەن نېمە قىلدىڭ؟

— سىز ھېچنېمىگە قارىماي قاچقاندا، شاخ ـ شۇمبا، قوراي ـ چاۋار، تىكەن ـ پىكەنلەرگە ئىلىنىپ قىلىشقا تاس قالدىم، — دەپ راستىنى ئېيتىپتۇ قۇيرۇق. تۈلكە تۇرۇپ ئويلىنىپ، ئۆزىگە ئۆزى: «مېنى ھەر بالاغا دۇچار قىلىدىغان مۇشۇ قۇيرۇقۇم ئوخشايدۇ» دەپ، قۇيرۇقىنى سىرتتا قاراپ تۇرغان ئىتلارغا يېگۈزۈۋەتمەكچى بوپتۇ ـ دە، سىرتقا چىقىرىپتۇ. ئىتلار قۇيرۇقنى چىشلەپ تارتىپ، تۈلكىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئىنىدىن سۆرەپ چىقىپتۇ.



# خام خيال

بىر بالا جاڭگالغا ئوتۇن ئالغىلى بېرىپ، بىر جىگدى-
نىڭ تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان توشقاننى كۆرۈپ قاپتۇ -
دە، خىيالغا چۆكۈپتۇ: «هازىر مۇشۇ توشقاننى تۇتۇۋالسام،
بازارغا ئاپىرىپ ساتسام، پۇلىغا بىر توخۇ ئالسام، توخۇ
تۇخۇم تۇغسا، تۇخۇملارنى كۇرۇك توخۇغا باسۇرۇپ بەر-
سەم، تۇخۇمدىن چۈجىلەر چىقسا، چۈجىلەر چوڭ بولغاندا،
سېتىپ بىر قوي ئالسام، قوي ئىككىدىن تۇغسا، چوڭ
بولغان قوزىلارنى سېتىپ راسا كېلىشكەن بىر ئات ئال-
سام، مال - ۋاران پادا - پادا بولۇپ كەتسە، بىر قىسمىنى
سېتىپ قورۇ - جاي ئالسام، يەر ئېلىپ دېھقانچىلىق
قىلسام، بۇغدايلىرىم ئوخشاپ، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە -
چېۋىلەر پىشىپ كەتسە، ئاپام بىلەن دادام: ‹يارايسەن، ئوغ-
لۇم ! يارايسەن !› دەپ كېتەتتى - ھە !» دەپ ۋارقىرىغا-
نىكەن، توشقان ئۈركۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. بالا «ھەس-
سىنە !» دەپ ئېغىزىنى تۇتۇپلا قاپتۇ.

# قايسى ئۆينىڭ ئىگىسى رەھىمدىل

بىر تايغان تۈلكىنى قوغلاپ يېزا ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. قورققىنىدىن تىلى بىر غېرىچ ساڭگىلاپ كەتكەن تۈلكە بىر دوقمۇشتىن ئايلىنىپ، تايغاندىن سەل ئۇزاپتۇ ـ دە، مۈشۈككە يولۇقۇپ قاپتۇ.

— ئەي ھۆرمەتلىك مۈشۈك، سەن بىلمەسەن، بۇ ئەتراپتا قايسى ئۆينىڭ ئىگىسى رەھىمدىل؟ مەن كىرىۋې-لىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلسام، — دەپ سوراپتۇ تۈلكە.

— مانا، مۇشۇ ئۇدۇلۇڭدىكى ئۆينىڭ ئىگىسى رەھىم-دىل، نۇرغۇن ئۆيلىرى، ئېغىل ـ قوتانلىرى بار، كىرىۋا-لىسەن، — دەپتۇ مۈشۈك.

— ھەي، ياقەي، — دەپتۇ تۈلكە بېشىنى چايقاپ، — مەن بىر زاماندا بۇ ئادەمنىڭ بىر ئاق غېزىنى يەۋەتكەنىدىم.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ مۈشۈك يول بويىدىكى باغۋارانلىق بىر ئۆينى كۆرسىتىپ، — بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى رەھىمدىل، سېنى ھەر ئامال بىلەن ئامان ساقلاپ قالىدۇ.

— بولمايدۇ، مەن بىر چاغدا بۇنىڭ ئۆردىكىنى يەپ

قويغان.

مۈشۈك ھەيران بولۇپ:

— ھەي، بۇ ئەتراپتىكىلەرگە ئالا قويماي زىيان سال-غانىكەنسەن، ئەمدى ساڭا رەھىم قىلغۇدەك بىرەرى چىقار-مۇ؟ — دەپتۇ تۈلكىگە.

— چىقىپ قالار، «يۇرت ئىتتىكى كەڭ» دېگەن گەپ بار. تايغان يېتىپ كەلگۈچە يەنە بىرىنى كۆرسەتكىنە؟ — دەپتۇ تۈلكە.

مۈشۈك يېزىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر ئۆينى كۆرسە-تىپتۇ. تۈلكە ئۇنىڭمۇ بىر توخۇسىنى يەپ قويغىنى ئۇچۇن:

— مۈشۈك ئاداش، بۇمۇ بولمايدۇ، — دەپتۇ. ئاڭغىچە تايغان يېتىپ كەپتۇ. مۈشۈك تۈلكىگە قاراپ:

— كۆردۈڭمۇ، ئەمدى «رەھىم»نى ساڭا مۈشۈ كېلىۋات-قان تايغان قىلسۇن، — دەپ تايغاننى كۆرسىتىپتۇ.

# تەقدىرگە تەن بەرگىن

بىر يېزىدا بەكمۇ سالاپەتلىك ۋە پاكىز قېرىغان بىر بوۋاي بار ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ بوۋاي ئاغرىپ قاپتۇ. بىر كۈنى بۇ يېزىدىكى بىر يىگىت بوۋاينى يوقلاپ كىرىپتۇ. يىگىتنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ:

— ئوغلۇم، تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلىرىم بار ئىدى. ناۋادا قازايىقەدەر يېتىپ قالسا، شۇ پېتىلا قالىدىغان بولدى - دە، — دەپ ياش تۆكۈپتۇ.

— ۋاي چوڭ دادا، — دەپتۇ يىگىت، — سەن يەيدىغىنىڭنى يەپ، كىيىدىغىنىڭنى كىيىپ بولدۇڭ. ساقلىڭ ئاقىرىپ، چىشىڭ سارغايدى. سەن چۈنەكتىكى پىشىپ قالغان قوغۇن، بۇنى بىرى ئۈزمىسىمۇ، ئۆزى پىلەكتىن ئاجراپ كېتىدۇ. قوغۇنلۇققا كىرگەنلەر ئالدى بىلەن پىشىقىنى ئۈزىدۇ. تەقدىرگە تەن بەرگىن !

يىگىتنىڭ تەسەللىسى بوۋاينىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تېگىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ھېلىقى بوۋاي ساقىيىپ، يىگىت

ئاغرىپ قاپتۇ. بوۋاي ئۇنى يوقلاپ كىرسە، يىگىت زارلىنىپ:

— بوۋا، دۇنيانىڭ ھېچقانداق لەززىتىنى كۆرمىدىم، ئون گۇلۇمنىڭ بىرىمۇ ئېچىلماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسەم، قانداقمۇ قىلارمەن؟ — دەپتۇ.

— ھەي بالام، ئورۇنسىز ئۆكۈنمە. بىر قوغۇنلۇققا ئوغرى كىرسە، قوغۇننىڭ پىششىقىنىمۇ، توڭىنىمۇ ئۈزىدۇ. ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى كەلسە ياش - قېرىغا باقمايدۇ، ئۇنىڭغا نېمە ئامال بار؟! تەقدىرگە تەن بەرگىن! — دەپتۇ بوۋاي.



# تىلىمغا باغلىسىلا

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم يىراق بىر شەھەردىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ تونۇشمايدىغان بىر سودىگەر بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ قاپتۇ. ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە بۇ ئادەم سودىگەرگە:

— ئۆيگە كىرىپ بىردەم - يېرىمدەم ئارام ئېلىپ كەتسىلە، — دەپ تەكلىپ قىپتۇ.

— شۇنداق قىلاي، — دەپتۇ سودىگەر تارتىنمايلا ۋە ئاتتىن چۈشۈپتۇ، لېكىن بۇ سودىگەر ئۆيگە شۇ كىرگىنچە بىرنەچچە كۈن قونۇپ مېھمان بوپتۇ. ئۆي ئىگىسىمۇ قىلچە چاندۇرماي ئوبدان كۈتۈپتۇ. سودىگەر قايتىش ئالدىدا:

— رەھمەت، ئوبدان تونۇشۇپ قالدۇق. مەن بۇ يولدىن دائىم ئۆتۈپ تۇرىمەن. خاتىرجەم بولسىلا، بۇنىڭدىن كېيىن پات - پات كېلىپ تۇرىمەن، — دەپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ سودىگەر يەنە كەپتۇ. ئۆي ئىگىسى يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ - دە، ئېتىنى قولىدىن ئېلىپ، ھۆرمەت بىلەن يەنە ئۆيگە باشلاپتۇ. بۇ قېتىم

سودىگەر بىر ھەپتە مېھمان بوپتۇ. ئۆي ئىگىسى بالىجاز-
لىق، قول - ئىلكىدە يوق ئادەم بولسىمۇ، يەنە بىلىن-
دۈرمەي، قوشنىلىرىدىن ئۇن - پۇن ئۆتنە ئېلىپ يۈرۈپ
كۈتۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ سودىگەر بىر ئاينىڭ ئىچىدە ئىك-
كى - ئۈچ قېتىم كېلىدىغان بولۇۋاپتۇ. ئۆي ئىگىسى
ئاستا - ئاستا بۇ مېھماندىن بىزار بوپتۇ. لېكىن، كەلمەڭ
دېگىلى بولمىغاچقا، دەردىنى ئىچىدە بىلىپ، بۇرۇنقىدەك
يۈگۈرۈپ ئالدىغا چىقىپ ھۆرمەتلەپ كەتمەپتۇ.

بىر كۈنى سودىگەر يەنە كەلگەنىكەن، ئۆي ئىگىسى
بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ:

— ئۆيگە كىرسىلە، — دەپتۇ، بىراق ئېتىنى قولىدىن
ئالماپتۇ. سودىگەر ئاتتىن چۈشۈپ:

— ئېتىمنى نەگە باغلايمەن؟ — دەپتۇ. ئۆي ئىگىسى
زەردە بىلەن:

— نەگە باغلايتتىلە، ئۆيگە كىرسىلە دېگەن تىلىمغا
باغلىسىلا! — دەپتۇ.

«ئېتىمنى نەگە باغلايمەن» دېسە، «ئۆيگە كىرسىلە دې-
گەن تىلىمغا باغلىسىلا» دېگەن ماقال مۇشۇنىڭدىن قالغا-
نىكەن.

# مەغرۇر پىل

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئورمانلىقتا ناھايىتى زور بىر پىل بولغانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ زورلۇقى، كۈچلۈكلۈكى ۋە چەبدەسلىكى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، ئورمانلىقتىكى باشقا ھايۋانلارنى قىلچە كۆزگە ئىلمايدىكەن. ئوت - چۆپلەرنى خالىغانچە دەسسەپ - چەيلەيدىكەن. بەزىدە خارتۇمى بىلەن ھەر چوڭ قارىغايلارنىمۇ يۇلۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭدىكى ئۇچار قاناتلارغا ئازار بېرىدىكەن، ئورماننى نابۇت قىلىدىكەن. پىلنىڭ بۇ بولمىغۇر قىلىقى ئورمانلىقتىكى بارلىق جان - جانىۋارلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈرۈپتۇ، بىراق ئۇنى ئاشكارا چەكلەشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئاخىر ئۇلار قانداق قىلغاندا ئۇنىڭ بۇ زورلۇقىدىن قۇتۇلۇشقا بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق يوشۇرۇن يىغىن ئېچىپتۇ، لېكىن يەنىلا چارە تاپالماپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا چۆپكە قونۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ تۇرغان بىر پاشا قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپتۇ. ھەممە ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران بولۇپ:

— پاشىجان، ھەممىمىز جان قايغۇسىدا نېمە قىلىشنى

بىلەلمەي تۇرساق، سېنىڭ كۆلگىنىڭ نېمىسى ياكى بىزنى
زاڭلىق قىلىۋاتامسەن؟ — دەپتۇ.

— بۇ كارامەتلىك دۇنياغا ھەيرانمەن، — دەپتۇ پاشا
كۈلكىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن ھەممىڭلاردىن ئاجىز
ۋە كىچىك يارىتىلغان بولساممۇ، سىلەرنى بوزەك قىلىد-
غان ئاشۇ مەغرۇر پىلنىڭ تېرىسىنى تېشىپ قېنىنى ئى-
چەلەيمەن. شۇنىڭغا قارىغاندا، ھەممىڭلاردىن مەن كۈچلۈك
ئوخشايمەن. قانداق، ئەنتىڭلارنى مەنلا ئېلىپ بېرەيمۇ؟

— قۇرۇق گەپنى قوي، — دەپتۇ ھەممە پاشىغا
قاراپ، — سەن پەقەت ئۇنىڭ هارام قېنىنىلا ئىچىسەن،
بۇ بەلكىم ئۇنىڭ قىچىشقان يەرلىرىنى پەسەيتىپمۇ قويار
ياكى بولمىسا تېخىمۇ قىچىشتۇرۇۋېتىپ، تېنىنى يەنە بىر
تۇپ قارىغايغا سۈركەشكە مەجبۇر قىلىپ، قۇشلارنىڭ بالى-
لىرىنى ئالاقزادە قىلىۋېتەر. قوي، سەن بىز بىلەن
چاقچاقلاشما.

— ياق ! — دەپتۇ پاشا ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ، —
مەن ئۇنىڭ كۆزىنىلا چاقىمەن، ئۇ كۆزىنىڭ قىچىشىشىنى
پەسەيتىش ئۈچۈن قارىغايغا سۈركەيدۇ، بۇ داۋاملىشىۋەرسە،
ئۇنىڭ كۆزى يارىلىنىدۇ. شۇ چاغدا چىۋىن دوستۇمنى ياردەم-
گە چاقىرىمەن، پىلنىڭ يارىلانغان ئىككى كۆزى چىۋىن دوس-
تۇمنىڭ قورسىقىدىكى قۇرتلىرى ئۈچۈن ئۆسۈپ يېتىلى-
دىغان ياخشى ماكانغا ئايلىنىدۇ. قېنى ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ
مېنىڭ سىلەرنىڭ ئەنتىڭلارنى ئېلىپ بەرگىنىم بولامدۇ !

ھەممە پاشىنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ باش لىڭشىـ
تىپتۇ. شۇ چاغدا چۆپ ئارىسىدىن بىر پاقا سەكرەپ چىـ
قىپ كۆپچىلىككە قاراپ:

— مەغرۇر پىل مېنىڭمۇ ئىككى بالامنى دەسسەپ
ئۆلتۈرگەن، مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا غەزىپىم بار، پاشىجاننىڭ
سۆزى مېنىڭ ئېخىمۇ كۈچلۈك ئىنتىقام ئېلىشىمغا
تۈرتكە بولدى. مەن بۇنى ھازىر ئېيتمايمەن، ئاۋۋال پاشىـ
جان تەدبىرىنى قىلىپ كۆرسۇن، كېيىن مەن ئۆز بۇر-
چۇمنى ئادا قىلىمەن، — دەپتۇ - دە، يەنە چۆپ ئارىسىغا
كىرىپ غايىب بوپتۇ.

ھەممە، پاقىنىڭ قولىدىن نېمە كېلەر، دېگەن خىيال
بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە ئېتىبار قىلماپتۇ، ئەمما
پاشىنىڭ تەدبىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوللاپ، ئۇنى دەر-
ھاللا ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەپتۇ. پاشا ئۆز ۋەدىسى بويىچە
قاناتلىرىنى كېرىپ، جاڭگالغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مەغـ
رۇر پىلنى ئىزدەپ تېپىپتۇ - دە، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە
نەشتەر سانجىشقا باشلاپتۇ. پىل كۆزلىرىنىڭ تىنىمسىز
قىچىشىشىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ھەدەپ قارىغايغا سۈركەشـ
كە باشلاپتۇ. پاشا بولسا ئۇنىڭغا قىلچە ئارام بەرمەپتۇ، ئۇ-
نىڭ كۆزىنى ئۈزلۈكسىز چېقىۋېرىپتۇ، پىل بولسا كۆزىنى
قارىغايغا سۈركەۋېرىپتۇ، شۇنداق قىلىپ بىر كېچىدىلا
پىلنىڭ كۆز - قاپاقلىرى يېرىلىپ قاناپ كېتىپتۇ. ئەتىـ
سى چۈشتىن كېلىپ پىلنىڭ جاراھىتىگە قۇرت تاشلاپتۇ.

قۇرتلارنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆپىيىشى بىلەن ئۇنىڭ جاراھىتى تېزلا كېڭىيىپ، كۆزنى كۆرمەس قىلىپ قويۇپتۇ. مەغرۇر پىل شۇنىڭ بىلەن ھەرىكەت قىلىش، ئوزۇق تاللاپ يېيىش ئىقتىداردىن قاپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ بىردىنبىر تايىنىدىغىنى قۇلاق ۋە پۇراش سېزىمىدىنلا ئىبارەت ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇ قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ. سۇنى پۇراش ۋە ئاڭلاش سېزىملىرىغا تايىنىپ تېپىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قانداق قىلىشنى بىلمەي تامىقىنى چاكىلدىتىپ ياتقاندا، تۇيۇقسىز يېقىنلا بىر يەردە پاقا كۇركىراپ قاپتۇ. پىل ئۆزىنىڭ ساق ۋاقىتلىرىدىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن، پاقا جەزمەن سۇ بار يەردە بولىدۇ، دەپ جەزملەشتۈرۈپ، پاقىنىڭ ئاۋازى چىققان ياققا قاراپ مېڭىپتۇ، بىراق بۇ پاقا سۇ بار يەردىكى پاقا بولماستىن، بەلكى پىلدىن ئىنتىقام ئېلىشقا بەل باغلىغان ھېلىقى پاقا ئىكەن. ئۇ پىلنىڭ ئالدىدا كۇركىراپ يۈرۈپ، بىر سەكرەپ، ئىككى سەكرەپ، ئاخىر پىلنى بىر تىك يارنىڭ لېۋىگە باشلاپ كەپتۇ. پىل پاقىنىڭ كۇركىرىشىغا ئەگىشىپ تەمتىلەپ ماڭغىنىچە ياردىن غۇلاپ ئۆلۈپتۇ. ئۇنىڭ ئورمانلىقتىكى پۈتۈن جان - جانىۋار، ھايۋانلارنى چۆچۈتىدىغان مەغرۇر گەۋدىسى قاغا - قۇزغۇن، قۇرت - قوڭغۇزلارغا يەم بولۇپ تۈگەپتۇ.

مەغرۇر پىلنىڭ زومىگەرلىكىدىن قۇتۇلغان جان - جانىۋارلار خۇشاللىقىدىن ئۇسسۇل ئويىنىشىپ، مۇنداق دەپ

ناخشا ئېيتىپتۇ:

ھېرى بول ھاياتلىق يولىدا دائىم،
كۈچلۈكمەن دېمىگىن ئاجىزنى كۆرۈپ.
مەغرۇر پىل جان بەردى پاشا قولىدا،
ئۆزىنى چوڭ ساناپ، زورلۇق قىپ يۈرۈپ.

مەغرۇرلۇق ھەر كىمنى قالدۇرار يېتىم،
ئۆزىگە قارشى كۈچ توپلايدۇ زورلۇق.
شۇ ئىككى ئىللەتكە بولسا كىم مەھكۇم،
قۇچقۇسى ئۆمرىنى بىھېساب خورلۇق.

# مۈشۈك بىلەن تومۇچۇق

مۈشۈك بىلەن تومۇچۇق ئۇچرىشىپ قاپتۇ. مۈشۈك دەرھال دوستلۇقتىن گەپ ئېچىپ:

— قەدىرلىك دوستۇم، كۆڭلىكىڭ نېمىدېگەن چىرايلىق، مەن خېلى يىراقتىن سىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ كەلدىم، — دەپتۇ كۈلۈپ، — بىردەم سايرىغىنا !

لېكىن، تومۇچۇق ئېھتىيات قىلىپ مۈشۈككە بەك يېقىن كەلمەپتۇ. كەچ بولۇپ ئايرىلىدىغان چاغدا:

— بۇرادەر، سەن نېمىدېگەن ياخشى، بۇنىڭدىن كېيىن پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرايلى، — دەپتۇ مۈشۈك.

ئەتىسى ئۇچراشقاندا:

— ئاغىنە، بىزنىڭ دوستلۇقىمىز نەقەدەر چىڭ - ھە ! سەن تارتىنماي يېقىن كېلىپ سايراپ، ئۇسسۇل ئويناپ بەرگىن، — دەپتۇ مۈشۈك كۈلۈپ، — قارىغىنا، مەنمۇ ئۇسسۇل ئوينايمەن !

تومۇچۇق مۈشۈكنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ يېقىنراق

كەلگەنىكەن، مۈشۈك كاپ قىلىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ.

تومۇچۇق ئۆلەر چېغىدا:

— دۈشمەنىنىڭ تاتلىق سۆزلىرىگە ۋە بەرگەن ۋەدىسىگە ھەرگىز ئىشەنگىلى بولمايدىكەن، — دەپتۇ.

# هايۋانلارنىڭ دەتالاشلىرى

ئات، سىيىر ھەم ئىت ئۇچى، كىشىلەر قايسىمىزنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ دەتالاش قىلىشىپتۇ.

— ئەلۋەتتە، مېنى، — دەپتۇ ئات، — مەن قوش تار-تىمەن، تىرنا سۆرەيمەن، جاڭگاللىقتىن ئوتۇن توشۇيمەن، كىشىلەر مېنى مىنىپ شەھەرگە بارىدۇ. ئۇلار مېنىڭدىن زادىلا ئايرىلالمايدۇ.

— ياق، مېنى ياخشى كۆرىدۇ، — دەپتۇ سىيىر، — مەن ئۇلارنى سۈت بىلەن باقىمەن.

— ياق، — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئىت، — مەن ئىگەم-نىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى ساقلايمەن، ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ.

بۇ دەتالاشنى بىر كىشى ئاڭلاپ تۇرغانىكەن، دەرھال:

— تالاشماڭلار، سىلەر ھەممىڭلار بىزگە كېرەك، ھەر-بىرىڭلار ئۆز ئورنۇڭلاردا ياخشى، — دەپتۇ.

# توخۇ، سۆسەر ھەم چاشقان

توخۇ، سۆسەر ھەم چاشقان بىللە ياشايدىكەن. كۈنلەر-
دىن بىر كۈنى توخۇ ئازراق بۇغداي تېپىپ خۇشاللىقىدا:

— بۇغداي تاپتىم، بۇغداي تاپتىم، ئەمدى ئۇن تارتىش كېرەك. خوش، بۇغداينى كىم تۈگمەنگە ئاپىرىدۇ؟ — دەپتۇ.

— مەن ئاپارمايمەن، — دەپتۇ سۆسەر.

— مەن ئاپارمايمەن، — دەپتۇ چاشقان.

توخۇ بۇغداينى ئۆزى تۈگمەنگە ئاپىرىپ ئۇن تارتىپتۇ.

— ئۇننى ئۆيگە كىم ئاپىرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ توخۇ.

— مەن ئاپارمايمەن، — دەپتۇ چاشقان.

— مەن ئاپارمايمەن، — دەپتۇ سۆسەر.

توخۇ ئۇننى ئۆيگە ئۆزى ئەكەپتۇ.

— كىم خېمىر يۇغۇرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ توخۇ.

— مەن يۇغۇرمايمەن، — دەپتۇ سۆسەر.

— مەن يۇغۇرمايمەن، — دەپتۇ چاشقان.

خېمىرنى توخۇ ئۆزى يۇغۇرۇپتۇ.

— تونۇرغا كىم ئوت سالىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ توخۇ.

— مەن سالمايمەن، — دەپتۇ چاشقان.

— مەن سالمايمەن، — دەپتۇ سۆسەر.

توخۇ تونۇرغا ئۆزى ئوت ساپتۇ.

— ناننى كىم ياقىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ توخۇ.

— مەن ياقمايمەن، — دەپتۇ چاشقان.

— مەن ياقمايمەن، — دەپتۇ سۆسەر.

ناننى توخۇ ئۆزى يېقىپتۇ، ئاندىن قىپقىزىل بولۇپ پىشقان توقاچلارنى داستىخانغا قويۇپ:

— بۇ نانلارنى كىم يەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ! — دەپتۇ چاشقان.

— مەن ! — دەپتۇ سۆسەر ۋە ھەر ئىككىسى يۈگۈرۈپ، داستىخانغا كېلىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئىشتىھا بىلەن نانلارنى يېيىشكە كىرىشىپتۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMDk4NTAuemlw",
  "filename_decoded": "40209850.zip",
  "filesize": 20020045,
  "md5": "1707e130923587177588feb834ed1c5d",
  "header_md5": "339a147c0e7b3f3070fee94e591335fa",
  "sha1": "a19959bb3fc4620f09c0060bcee2390b16045653",
  "sha256": "46b98eadaccd922a4d801d221ba55bfd897031ccd4370cae49ec13f96e51e150",
  "crc32": 1292562407,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 20173267,
  "pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2558\u00f3\u2564\u2558 \u2562\u25a0\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209850",
  "pdg_main_pages_found": 79,
  "pdg_main_pages_max": 79,
  "total_pages": 86,
  "total_pixels": 354974720,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}